# غەربىي يۇرت

# مەدەنىيەت تارىخى

文化史　　（维吾尔文）

〔日〕羽田亨　著

拉木江・西日甫　译

---

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放路 306 号）

发行　新疆新华印刷厂印刷

1092毫米　32开本6.25印张8插页

月第1版　1986年 1月第1次印刷

印数：1——5,000

---

M11098・140　　定价：10.50元

# غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى

(ياپونىيىلىك) يۈي تيەنخىڭ يازغان
ئىسلامجان شېرىپ تەرجىمە قىلغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



1 - رەسىم. قىزىل مىڭ ئۆيىدىكى تام رەسىمى

مەسئۇل مۇھەررىرى: سەلىمجان

# غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى

(ياپونىيە) يۈي تيەنخىڭ
تەرجىمە قىلغۇچى: ئىسلامجان شېرىپ

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا 306 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 6.25 قىستۇرما ۋارىقى: 8
1985 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
1986 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M11098·140
تىراژى: 1 — 5,000
باھاسى: 0.50 يۈەن



2 - رەسىم. بېخىستون قىيالىغىدا ئويۇلغان ئابىدە



3 - رەسىم. باكتىرىيىدە ئۆتكەن پادىشالارنىڭ پۇللىرى

① دېمېتىرىئوس پۇلى؛ ② يېۋكراتىدېس پۇلى؛

③ كانىشكا پۇلى



① ئودۇن تىلىدىكى «ۋاجىرا پارو سوترىسى»



② كۇسەن تىلىدىكى «10 مىسرالىق بىچۇن پەرھىز نامىسى»



③ توخار تىلىدىكى بۇددا نومى

4 - رەسىم. ئودۇن، كۇسەن، توخار تىللىرىدىكى بۇددا نوملىرى



① سوغدى تىلىدا يېزىلغان 1 - ئەسىردىكى ھۆججەت



② موڭغۇللار دەۋرىدە ئۆتكەن نېستورىيان مۇخلىسىنىڭ سوغدى تىلىدا يېزىلغان قەۋرە تېشى

5 - رەسىم. سوغدى تىلىدىكى ھۆججەت ۋە سۇرىيە تىلىدا يېزىلغان قەۋرە تېشى





6 - رەسىم. خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان مانى ۋە خرىس-
تىيان دىنلىرىنىڭ دەستۇرلىرى





7 - رەسىم. دۇنخۇاڭدىكى مىڭ ئۆيلەر



8 - رەسىم. قىزىل مىڭ ئۆيىدىكى تامغا سىزىلغان
ساخاۋەتچىلەر سۈرىتى



9 - رەسىم. قىزىل مىڭ ئۆيىدىكى تامغا سىزىلغان
رەسسام سۈرىتى



10 - رەسىم. ئاسماندا ئۇچۇۋاتقانلار سۈرىتى

① باميان مىڭ ئۆيدىكىسى؛ ② قىزىل مىڭ ئۆيدىكىسى؛ ③ سىڭگىم مىڭ ئۆيدىكىسى



11 - رەسىم. قۇمتۇرا مىڭ ئۆينىڭ تېمىغا تاڭ دەۋرىدە سىزىلغان ئاسماندا ئۇچۇۋاتقانلار سۈرىتى



12 - رەسىم. قۇمتۇرا مىڭ ئۆيىنىڭ ئېمىغا تاڭ دەۋرىنىڭ
ئاخىرلىرىدا سىزىلغان رەسىم



① مانى بىلەن شېيىخلار



② ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەنگەن قىستۇرما سۈرەتلىك مانىزىم
دەستۇرىنىڭ پارچىسى

13 - رەسىم. مانىزىم رەسىملىرى



14 - رەسىم. ئەيسا(؟) نىڭ رەسىمى



15 - رەسىم. تارشا پۈتۈك ۋە بامبۇك پۈتۈكلەر

ئوڭدىن سولغا (1) تيەنخەن 3 - يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 98 - يىلى) يېزىلغان كاسسىر ھەم ئاۋاتى؛ (2) (3) (4) لەر بولسا بامبۇكقا يېزىلغان رەتسىملار

## كىرىش سۆز

غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدا مۇشۇ يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئېرىشىلگەن كورۇنەرلىك ئىلگىرىلەشلەر بۇ رايوننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئېلىپ بېرىلغان قىدىرىش، قېزىش نەتىجىلىرىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. ئىلگىرى جۇڭگو ۋە غەرپ ئەللىرىنىڭ خاتىرىلىرىدىكى پارچە - پۇرات تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن، بۇ رايون توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويولغان نۇرغۇن تەلىماتلار ياكى ئىنكار قىلىندى ياكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىلگىرى تەتقىق قىلىنمىغان بىرمۇنچە مۇھىم تارىخىي مەسىلىلەر قايتىدىن تەتقىق قىلىنىپ، غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمدىن بۇيانقى ئەھۋالى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئېچىپ بېرىلدى، بۇ، ئىلمىي ساھەدىكىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ خوشاللىنارلىق ئىش. يېقىندىن تېپىلغان بۇ قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار تۈر ۋە سان جەھەتتە ناھايىتى كوپ بولسىمۇ، لېكىن كوپىنچىسىنىڭ پارچە - پۇرات بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەزى كىلاسسىك ئەسەرلەر ۋە خاتىرىلەر ھازىرغا قەدەر ئانچە ئايدىڭ بولمىغان تىللار بىلەن يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، تەتقىقات خىزمىتىگە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇردى، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يەنە مەلۇم ۋاقىت كېرەك. شۇنداق بولسىمۇ، ھازىرقى تەتقىقات باسقۇچىدا غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى



16 - رەسىم. دخارانى سۇترىسى

تەخمىنەن مولچەرلەش ئىمكانىيىتىنىڭ بارلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ بۇ ماتېرىياللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ جامائەتكە ئېلان قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. مەن مۇشۇنداق قاراشقا كەلگەنلىكىم ئۈچۈن، بۇ كىتاپنى نەشرگە بېرىشنى تەۋەككەلچىلىك بىلەن قارار قىلدىم.

بۇ كىتاپ «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى» دېگەن سەرلەۋھىدە يەنبو كىتاپخانىسىدىن چىقىرىلغان «ياپونىيە پىكىر ئېقىمى» ژورنىلىغا بېسىلغان ئىدى. ھازىر ئەسلى كىتاپنىڭ ھەربىر بېتىگە دېگۈدەك يېڭى مەزمۇن قوشۇلدى ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى ھەمدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق كىتاپلارنىڭ تىزىمى ۋە كۆپلىگەن قىستۇرما رەسىملەر قوشۇمچە قىلىندى. ئالدىنقى كىتاپنىڭ مۇكەممەل بولمىغان جايلىرى ئاز-تولا تولۇقلاندى، بۇنىڭدىن ناھايىتى خوشالمەن.

**يۈي تيەنخىك**

ئاۋغۇست 22 - يىلى (1947 - يىلى) 10 - سېنتەبىر.

## مۇندەرىجە

### بىرىنچى قىسىم


بىرىنچى باپ مۇقەددىمە ........................ 1
ئىككىنچى باپ غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەر ........ 10
ئۈچىنچى باپ غەربىي يۇرت تارىخىنىڭ تاڭ نۇرى... 22
تۆتىنچى باپ ئالېكساندىرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى ۋە باكترىيە بىلەن ئارساك... 27
بەشىنچى باپ مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى ............ 36
ئالتىنچى باپ خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلىشى .................... 39
يەتتىنچى باپ كۇشان خاندانلىقى ................ 46
سەككىزىنچى باپ ئېفتالىتلار ۋە تۈركلەرنىڭ پائالىيەتلىرى .................... 50
توققۇزىنچى باپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشى ۋە ئىسلامىيەتنىڭ شەرققە تەدرىجىي سىڭىپ كىرىشى .................. 54
ئونىنچى باپ ئۇيغۇرلارنىڭ غەرپكە كۆچۈشى ... 60
ئون بىرىنچى باپ موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋاللار .................. 64

## ئىككىنچى قىسىم

بىرىنچى باپ غەربىي يۇرت ۋە يۇنان مەدەنىيىتى ... 72
ئىككىنچى باپ سوغدىلار ۋە سودا .................... 80
ئۈچىنچى باپ سوغدى تىلى ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا كەڭ قوللىنىلغان تىللار ... 89
تۆتىنچى باپ غەربىي يۇرتقا تارقالغان خىلمۇ خىل دىنلار ۋە ئۇلارنىڭ دەستۇرلىرى ... 98
بەشىنچى باپ دىنىي نەپىس سەنئەت .............. 122
ئالتىنچى باپ غەربىي يۇرت ۋە خەنزۇ مەدەنىيىتى ... 138
يەتتىنچى باپ ئۇيغۇرلارنىڭ غەرپكە كۆچۈشى ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى .............. 152
سەككىزىنچى باپ تۈرك مىللىتى ۋە ئىسلام دىنى ...... 166
توققۇزىنچى باپ تېمۇرىلەر سۇلالىسى ۋە تۈرك مەدەنىيىتى .......................... 175
ئونىنچى باپ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئومۇمىي ئەھۋال ... 187

## رەسىملەرنىڭ مۇندەرىجىسى

1 - رەسىم قىزىل مىڭ ئۆيىدىكى تام رەسىمى
2 - رەسىم. بىخىستۇن قىيالىقىغا ئويۇلغان ئابىدە
3 - رەسىم. باكترىيىدە ئۆتكەن پادىشالارنىڭ پۇللىرى
4 - رەسىم. ئودۇن، كۇسەن، توخار تىللىرىدىكى بۇددا نوملىرى
5 - رەسىم. سوغدى تىلىدىكى ھۆججەت ۋە سۈرىيە تىلىدا يېزىلغان قەۋرە تېشى
6 - رەسىم. خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان مانى ۋە خىرىستىيان دىنلىرىنىڭ دەستۇرلىرى
7 - رەسىم. دۈنخۇاڭدىكى مىڭ ئۆيلەر
8 - رەسىم. قىزىل مىڭ ئۆيىدىكى تامغا سىزىلغان ساخاۋەتچىلەر سۈرىتى
9 - رەسىم. قىزىل مىڭ ئۆيىدىكى تامغا سىزىلغان رەسسام سۈرىتى
10 - رەسىم. ئاسماندا ئۇچۇۋاتقانلار سۈرىتى
11 - رەسىم. قۇمتۇرا مىڭ ئۆيىنىڭ تېمىغا تاڭ دەۋرىدە سىزىلغان ئاسماندا ئۇچۇۋاتقانلار سۈرىتى
12 - رەسىم. قۇمتۇرا مىڭ ئۆيىنىڭ تېمىغا تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا سىزىلغان رەسىم
13 - رەسىم. مانىزىم رەسىملىرى
14 - رەسىم. ئەيسا (؟) نىڭ رەسىمى
15 - رەسىم. تارشا پۈتۈك ۋە بامبۇك پۈتۈكلەر
16 - رەسىم. دىخارانى سۇترىسى

# بىرىنچى قىسىم

## بىرىنچى باپ

## مۇقەددىمە

غەربىي يۇرت دىگەن بۇ نام قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگو-
نىڭ غەربىدىكى دولەتلەرنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىلىپ
كەلگەن ياكى پامىرنىڭ شەرقىدىكى ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ جە-
نۇبىدىكى جايلارنى ئاتاش بىلەنلا چەكلەنگەن ئىدى. بۇ نام
كىتاۋىمىزدا ئومۇمەن ئوتتۇرا ئاسىيا دەپ ئاتالغان رايونغا
قارىتىلىدۇ. ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيا نامىدىكى بۇ رايون ئىلمىي
جەھەتتە بەلگىلىك دائىرىگە ئايرىلمىغاچقا، بەزى ئالىملار
بۇ نامنىڭ كەڭ ۋە تار مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ
ئۆتكەن ئىدى. مەن غەربىي يۇرت دىگىنىمدە ئاساسەن ئاس-
يا قۇرۇقلۇغىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان رايوننى، شۇ
جۈملىدىن دەريالىرى ئاساسەن دېڭىزغا قۇيۇلمايدىغان كەڭ
جايلارنى كوزدە تۇتتۇم. "شۇنداق قىلىپ" بۇ نام ئۇز ئىچى-
گە ئالغان جايلار ئاساسەن پامىر ئىگىزلىكىنى مەركەز قىلىدۇ
ۋە شەرقتە لوپنور كولىگە قۇيۇلىدىغان تارىم دەرياسى ۋادى-
سىغا جايلاشقان شەرقىي تۇركىستاننى يەنى شىنجاڭدىكى
تەڭرى تاغلىرى (تيانشان) نىڭ جەنۇبىنى؛ شىمالدا ئىس-

سىق كول، بالقاش كولى ۋە ئالا كوللەرگە قۇيۇلىدىغان
دەريالارنىڭ ۋادىلىرىنى يەنى ئىلى ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلى-
غى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەڭرى تاغلىرىنىڭ
شىمالىدىكى جايلارنى؛ غەرپتە چۇ، تالاس دەريالىرى ۋادىلى-
رىنى ۋە ئارال دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان دەريالارنىڭ ۋادىلىرى-
نى يەنە غەربىي تۈركىستاننى؛ جەنۇپتا قاراقۇرۇم (كۇئېنلون)
ۋە هىندۇقۇش تاغ تىزمىلىرى بىلەن چېگرىلىنىدىغان جاي-
لارنى كورسىتىدۇ. گېرمانىيىلىك جۇغراپىيەشۇناس رىختوفېن
(Richtofen) ① بۇ نامنى ئاسىيا قۇرۇقلۇغىدىكى دەريا سۇ-
لىرى ئېقىپ چىقىپ كېتەلمەي يىغىلىپ توختام سۇ هاسىل
قىلىدىغان ئويمانلىقلارغا يەنى جەنۇبى تىبەت (شىزاڭ)
ئېگىزلىگىدىن باشلىنىپ شىمالى ئالتاي تاغ تىزمىلىرىغىچە،
غەرپتە پامىر چوققىلىرىدىن باشلىنىپ، شەرقتە خۋاڭخې
دەرياسىنىڭ مەنبەسى، هىنگان تاغ تىزمىلىرىغىچە سوزۇلغان
رايونلارغا قارىتىپ، پامىرنىڭ غەربىدىكى ئارال ۋە كاسپىي
دېڭىزلىرىغا قۇيۇلىدىغان دەريالارنىڭ ۋادىلىرىنى قالغان
باشقا جايلارغا قوشۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئەتراپىدىكى رايون-
لار قىلىپ ئايرىغان ئىدى. مەن تارىخ تەتقىقاتى مەيدانىدا
تۇرۇپ، ئەتراپتىكى بۇ رايونلارنىڭ بىر قىسمىنىمۇ غەربىي
يۇرت دائىرىسىگە قوشۇۋەتتىم.

بۇ رايون شەرقتە جۇڭگو ۋە موڭغۇلىيىلەر بىلەن، غەرپ-
تە پېرسىيە بىلەن، جەنۇپتا هىندىستان ۋە تىبەتلەر بىلەن
ئورالغان هەمدە ئاسىيادىكى بىر قانچە كۈچلۈك دولەتلەرنىڭ
ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىغى ئۈچۈن، ئۆز ئالدىغا بىر رايون

① رىختوفېنىڭ «جۇڭگو» دىگەن ئەسىرى، 1 كىتاپ، 1877 - يىل نەشرى، 7- بەت.



بولۇپ شەكىللىنىشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، تۈرلۈك ئەھۋال-
لار ئۈستىدە چوڭقۇرراق مۇھاكىمە يۈرگۈزىدىغان بولساق،
پۈتۈنلەي شۇنداق دىگىلى بولمايدىغانلىغىنىمۇ بايقايمىز.
جۇغراپىيىۋى مۇھىت، ئىرق ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن
قارىغاندا، بۇ رايوننى كەم دىگەندە تەخمىنەن 3 بولەككە
ئايرىش مۇمكىن. يەنى، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى جاي-
لارنى بىرىنچى بولەككە؛ پامىرنىڭ غەربىنى، سىر ۋە ئامۇ
دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى مەركەز قىلغان جايلارنى ئىككىنچى
بولەككە؛ تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە روسسىيىگە تەۋە
يەتتە سۇ قاتارلىق جايلارنى ئۈچىنچى بولەككە ئايرىش مۇم-
كىن. بۇ بولەكلەر ئېگىز تاغلار ۋە كاتتا دەريالار بىلەن
بىر بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بۇ يەرلەرنى ئىگەللەپ كەل-
گەن ئىرقلارمۇ دەۋرنىڭ ئوخشىماسلىغى بىلەن بىر بىرىدىن
پەرقلەنگەچكە، بۇ يەرلەر مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ بىر بىرىدىن
روشەن پەرقلىنىدۇ. مۇشۇ جەھەتلەردىن ئېيتقاندا، بۇ يەر-
لەرگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش كېرەك. شۇڭا بۇ بولەكلەر-
نىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە
تەتقىق قىلساق ئانچە مۇۋاپىق بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.
ئەمما يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ جايلار سىياسىي
جەھەتتە قەدىمدىن تارتىپ بىر بىرى بىلەن ناهايىتى قويۇق
مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن، گاهىدا كوپ قىسمى، گاهىدا
هەممىسى مەلۇم بىر تەسىر كۈچ ئاستىدا بىرلىككە كەلگەن.
بۇنداق بولمىغاندىمۇ، هەرجاي ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇش
تۈپەيلىدىن بىر بىرىگە تاجاۋۇز قىلىشقان ياكى بىر بىرى
بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەن چاغلاردا تاغ - دەريالاردىن
ئىبارەت تەبىي توساقلارمۇ بۇلار ئارىسىدىكى قويۇق مۇنا-

سۋەتنى ئۇزۇۋېتەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئەسلىدىكى خىلمۇ-
خىل ئېرقلار ۋە مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا تەبىي ھالدا ئۆز-
ئارا قوشۇلۇش پەيدا بولغان. كېيىن بۇ يەرلەرنىڭ "تۈركىس-
تان" دەپ ئاتالغانلىقى — تۈركى قەۋملەرنىڭ ئاخىرقى
ھىساپتا بۇ رايوننىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولۇپ قالغانلىقىنى
كۆرسىتىدۇ. تۈركلەرنىڭ غەرپتە پېرسىيىگە بېسىپ كىرىپ
كىچىك ئاسىيانى ئىشغال قىلغان، ئاندىن ياۋروپاغا بېسىپ
كىرگەن قىسمىدىن باشقىلىرىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا،
ئوتتۇرا ئاسىيادا ئولتۇراقلىشىپ قالغان مىللەتلەرنى بىر
پۈتۈن گەۋدە قىلىپ تەكشۈرمەي بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ جايلار
ئوتتۇرىسىدا تۈرلۈك پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى بىر
پۈتۈن گەۋدە — ئوتتۇرا ئاسىيا گەۋدىسى سۈپىتىدە تەتقىق
قىلىش مۇمكىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تولۇق ئاساسقا
ئىگە. پەقەت ئۇنىڭ جۇڭگو، پېرسىيە، ھىندىستان قاتارلىق
چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقىدىن ئىبارەت
مۇشۇ ئورنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئۇنى ئاددى ھالدا جۇغ-
راپىيىۋى چۈشەنچە دەپ بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، بۇ تەتقىقاتنىڭ ئۆز مەقسىدىدىن
تاشقىرى يەنە مۇنداق بىر مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلى-
كىگە، يەنى ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغىلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ
قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا خوشنا دۆلەتلەرنىڭ تارىخىنى
تەتقىق قىلىش بىلەنمۇ ئىنتايىن مۇھىم مۇناسىۋەتلىك ئىكەن-
لىكىگە دىققەت قىلىش لازىم. يۇقۇرقى دۆلەتلەر ئوتتۇرىس-
دىكى سىياسىي، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى تەتقىق قىلغاندا،
مۇشۇ رايون ئۈستىدىكى تەتقىقاتقا سەل قارىلىدىغان بول-
سا، ئۇ ھالدىمۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ دىسەك، ئاشۇ-



رۇۋەتكەن بولمايمىز. چۈنكى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىز-
دەك، ئوتتۇرا ئاسىيا يا جۇڭگو، پېرسىيە، ھىندىستان قاتارلىق
دۆلەتلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان، يا تۈركلەر، موڭغۇللار،
ئەرەبلەرگە ئوخشاش چەت مىللەتلەر ئىگەللىۋالغان جايلار
بىلەن قورشالغان. خەرىتىگە قاراپلا شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى،
ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ رايوندا كۈچلۈك
دۆلەت بارلىققا كېلىدىغان تەبىي شەرت - شارائىت زادىلا
ھازىر ئەمەس. قەدىمدىن بۇيانمۇ بۇ رايوننى تايانچ قىل-
غان قۇدرەتلىك بىرەر تەسىر كۈچ باش كۆتىرىپ چىققان
ئەمەس. 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بارلىققا كەلگەن قۇد-
رەتلىك تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىنى تارىختىكى مۇستەسنالىق
دىگەن تۈزۈك. چۈنكى ئەينى زاماندىكى ئاسىيا ئەللىرىنىڭ
ئەھۋالى ئۇنى پەقەت بىر مەھەل زومىگەر بولۇۋېلىش ئىم-
كانىيىتىگىلا ئىگە قىلىپ قويغان، خالاس. شۇڭا بۇ رايون
تارىختا ھامان ئۆز ئەتراپىدىكى تەسىر كۈچلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا
ئۇچراپ تۇرىدىغان، ھەممەيلەن تەڭ تالىشىدىغان نىشان بولۇپ
قالغان. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆزىگە كەلسەك، يۇقۇرقىدەك
خىلمۇ خىل ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن، ھەممىنى بىر تاياقتا
ھەيدىگىلىمۇ بولمايدۇ. ئەتراپتىكىلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىش
نىشانى بولۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنىڭدىمۇ ئوخشىماس-
لىقلار بار. مەسىلەن، تار مەنىدىكى غەربىي يۇرتقا جۇڭگو
قەدىمدىن بۇيان كۆپ قېتىم يۈرۈش قىلغان. خۇددى ئۆز
زامانىسىدىكى جاھانكەشتىلەر ئېيتقاندەك، بۇ جاينى قولدا
تۇتۇپ تۇرغاندىلا شىمالدىكى چەت مىللەتلەرنىڭ جۇڭگو
زېمىنىنى تالان - تاراج قىلىشىدىن ساقلانغىلى بولۇپلا قالماي،
بەلكى جۇڭگو بىلەن غەرپ ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا

يولىغىمۇ ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى. شىمالدىكى مىللەتلەر نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇلار بۇ جايىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرالىسا، بىرىنچىدىن ئولپانغا ئىگە بولاتتى، ئىككىنچىدىن جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىنى ئوڭاي تالان - تاراج قىلالايتتى، ھالبۇكى، غەربىي تۈركىستان ھەممە جەھەتلەردە ئالدىنقىسىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشەتتى، شۇڭا، ھۇجۇم نىشانى قىلىشىنىڭمۇ مەقسەتلىرى ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى پېرسىيەنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى كۆچمەن مىللەتلەرگە بولغان مۇئامىلىسى، ياكى بۇ كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ پېرسىيەگە بولغان مۇئامىلىسىدىن ئېيتقاندىمۇ ئەھۋال بايا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزگە ئوخشايتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا غەربىي تۈركىستاننى تالىشىپ كۆپ قېتىم ئۇرۇش بولغان ئىدى. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆز ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ كۈچىيىشى ياكى ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، ھەمىشە دېگۈدەك باشقىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇپ كەلگەن. بۇ ھال گويا قۇتۇلغىلى بولمايدىغان تەقدىرگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا بىر تەرەپتىن، ئەتراپىدىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ توقۇنۇشىنى پەسەيتىدىغان ئارىلىق رايون بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاسىيادىكى بىر - بىرىدىن يىراق ئايرىلىپ تۇرىدىغان كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بۇ جاي ئارقىلىق ئۆز - ئارا تۇتىشىپ تۇرۇشىغا ۋە ئايرىلماس مۇناسىۋەت ئورنىتىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر بىلەن



بولغان قويۇق مۇناسىۋەتتى سىياسىي جەھەتتىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى مەدەنىيەت تارىخى جەھەتتىنمۇ ئىنتايىن روشەن ئىپادىلىنىدۇ. شەرقتە جۇڭگو، جەنۇبتا ھىندىستان، غەربتە پېرسىيە، ئەرەبىستان، يۇنان، رىم قاتارلىق دۆلەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇش ۋە تارقىلىش ئەھۋالى تارىختىكى ئەڭ قىزىقارلىق ھادىسە، شۇنداقلا مۇھىم تەتقىقات تېمىسىدۇر. بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى ۋە تارقىلىشى ئۆز ئۆزىدىن مەلۇمكى، بۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق قاتناشنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشتا، دېڭىز قاتنىشى تەرەققىي قىلىشتىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەڭ ئاساسلىق قاتناش يولى بولغان ئىدى. دېڭىز قاتنىشى تەرەققىي قىلغاندىن كېيىنمۇ، قۇرۇقلۇق ئارقىلىق مېڭىشقا توغرا كەلسە، يەنىلا مۇشۇ يەردىن ئۆتمەي بولمايتتى. پېرسىيە، ئەرەبىستان ياكى ياۋروپادىن شەرققە كېلىش ئۈچۈنمۇ، ياكى جەنۇبتىكى ھىندىستاندىن جۇڭگوغا كېلىش ئۈچۈنمۇ، ھامان ئالدى بىلەن شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىشكە، ئاندىن شەرققە يۈرۈلۈشكە توغرا كېلەتتى. شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا قاتناش باشلانغان دەسلەپكى زامانلاردا ۋە ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدە راۋاجلانغان موڭغۇل دالاسى بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلەردە، شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ رايوننىڭ بىر قىسمىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. شۇڭا، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تارىخىدا ياكى شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ تارقىلىش تارىخىدىمۇ بۇ رايوننىڭ تارىخى ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن

شۇنى تەكىتلەپ كۆرسىتىش لازىمكى، غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى مۇشۇ نۇقتىدىن تونۇپ يەتكەن كىشىلەر پەقەت شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قات-ناشنىڭ مۇشۇ جايدىن ئۆتىدىغانلىقىغا ۋە شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ مۇشۇ جاي ئارقىلىق تارقالغانلىقىغىلا دىققەت قىلىپ، قاتناشنىڭ بۇ يەردىن قانداق ئۆتكەنلىكىگە، مەدەنىيەتنىڭ بۇ يەردە قانداق راۋاجلانغانلىقىغا ئانچە دىققەت قىلمىدى. دەرۋەقە، بۇ-غەربىي يۇرت تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقات تېخى باشلىنىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقاندا ساقلانغىلى بولمايدىغان ئەھۋال. ئومۇمەن، مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشىغا قارايدىغان بولساق، بۇ مەدەنىيەتلەر ئىلگىرى ئاساسەن قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا تارقالغان، يەنى، پرىنسىپ جەھەتتە مەدەنىيەت ئومۇمەن ئاۋال خوشنا رايونلارغا تارقالغان، ئاندىن يىراق جايلارغا ۋاستىلىق ھالدا تارقالغان (ئارىلىقتىكى جايدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىش ئەھۋالى ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدىغان پەۋقۇلئاددە ئەھۋال. دېڭىز قاتنىشى پورت ئارقىلىق بولىدىغان بولغاچقىمۇ قۇرۇقلۇق قاتنىشىغا ئوخشىمايدۇ). مەسىلەن، غەربتىكى دىنلار شەرققە تارقىلىشتا، جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرگىچە ئارىلىقتا ئاۋال غەربىي يۇرت تەۋەسىدىن ئۆتكەن. يەنى دىنىي قىزغىنلىقتا ۋە دىنىي پىكىرگە باي ئىرانلىقلار ياكى شۇلارغا ئوخشاپراق كېتىدىغان ئېرقلار ئولتۇراقلاشقان جايلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەن. بۇ دىنلار ئالدى بىلەن مۇشۇ جايلارغا تارقالغان، ئاندىن مۇشۇ جايلار ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىغا تار-قالغان، بۇ ئىنتايىن تەبىئىي ئەھۋال. سەنئەت ۋە ئىلىمنىڭ



تارقىلىشىمۇ شۇنداق بولغان، دېمەك، بۇ رايون شەرق، غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ بىر بىرىگە تارقىلىشىدا تۈگۈنلۈك رول ئوينىغان. بۇ نۇقتىمۇ بۇ رايوننىڭ ئەتراپىدىكى بىز يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ھاياتىدا تۇتقان ئورنىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئارىلىقتىكى تۈگۈن بولۇپ بېرىشى ئارقىسىدا، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەدەنىيىتىدە بىر بىرىگە قوشۇلۇپ كېتىش ياكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆز نەرسىلىرىنى قوشۇپ قويۇشى بىلەن، بەزى ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولغان، ھەتتا ئەسلى قىياپىتىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان نەرسىلەر پەيدا بولغان. ئەمما بۇ نەرسىلەر يەنىلا ئەسلىدىكى نامى بىلەن تېخىمۇ يىراققا تارقالغان. بۇنداق ئەھۋالدا تۈگۈن بولۇپ تۇرغان بۇ رايوننىڭ مەدەنىيىتى تەتقىق قىلىنماي ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى نەرسىلەر تەتقىق قىلىنىدىغان بولسا، توغرا نىشانغا يەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ جاينىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈنمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۇقۇرىدا بىز غەربىي يۇرت دېگەن نامنىڭ مەنىسىنى بېكىتتۇق، غەربىي يۇرت تارىخىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سەۋەبلەرنى چۈشەندۈردۇق، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرق ۋە غەرب تارىخىدىكى ئەھمىيە-تىنىمۇ قىسقىچە بايان قىلدۇق. تۆۋەندىكى بايانلىرىمىزدا، ئەلۋەتتە، مۇشۇ جاي مەركەز قىلىنىدۇ. ئەمما تارىختىكى مۇرەككەپ ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن، كۆپ ھاللاردا جۇغراپىيىۋى

ئورۇن جەھەتتە بۇ دائىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، غەربىي يۇرت تارىخىنىڭ بىر قىسمى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگىمۇ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا بىزنىڭ بايانلىرىمىز يا جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرى بىلەن، يا پېرسىيە ۋە موڭغۇلىيە بىلەن چېتىلىپ قالىدۇ، بۇ، مېنىڭچە تەبىئىي ئەھۋال.

كىتاۋىمىزدا ئاساسەن غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمدىن بۇيانقى تەرەققىيات ئىزلىرىنى بايان قىلىمىز، ئەلۋەتتە، ئەمما بۇ جەھەتتىكى بايانلارنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن مۇشۇ رايوندا ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرگە ئائىت بىلىملەر ھەمدە ئومۇمىي تارىخىي پاكىتلارغا ئائىت زاپاس بىلىملەرنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ ئادەتتىكى كىشىلەر بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى ئانچە ئۇقمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جەھەتتە پايدىلىنىدىغان كىتاپلارمۇ كەمچىل، شۇڭا كىتاۋىمىزدا ئۇلارنى ئالاھىدە ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ بايان قىلدۇق. بىرىنچى قىسىمدا، ئاساسەن ئومۇمىي تارىخىي پاكىتلار قىسقىچە شەرھىلىنىدۇ، ئىككىنچى قىسىمدا، مەدەنىيەت بايان قىلىنىدۇ،

ئىككىنچى باپ

# غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەر

ھازىر غەربىي يۇرتنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان مىللەت — تۈركلەر (تۈركىستان دېگەن نامدا ئىپادىلەنگەندەك) بولىسمۇ، لېكىن قەدىمقى زاماندا ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. بىرىنچى باپتا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۈچ بولەككە بۆلۈنىدىغانلىقى بايان قىلىندى، تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىن سىمىرىچ (يەتتەسۇ) ئەتراپلىرىغىچە بولغان جايلار يازما خاتىرىلەر بارلىققا كەلگەن دەۋرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپلا تۈركلەرنىڭ ئانا ماكانىمىدى؟ دېگەن مەسىلىگە تېخى ئاسانلىقچە ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. ئالدىنقى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىگىچە (يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىردىن مىلادى 5 - ئەسىرگىچە) ئارىلىقتا قالدۇرۇلغان يازما خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئىلى ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى يەرلەردە ئۇيسۇنلار ماكانلاشقان، ئۇلار جۇڭگو بىلەن ناھايىتى قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان ئىكەن. زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ تىلى تۈرك تىلى دەپ ھېساپلانماقتا. ئەمما تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن يەن شىگۇ ئۇيسۇنلارنىڭ چىراي - شەكلى ئۈستىدە توختالغاندا، "ئۇيسۇنلار — غەربىي يۇرتتا ياشايدىغان بەدۆۋلەرنىڭ بىر تائىپىسى. ئۇلارنىڭ چىراي - شەكلى بەكمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، ھازىرقى غۇزلار (ھونلار)غا ئوخشايدۇ، ئۇلار كوك كوز، سىم ساقال بولۇپ، مايمۇن ئەۋلادىدەك كېلىدۇ"① دېگەن. شۇڭا ئۇلارنى تۈركلەر دەپ كېسىپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. يەن شىگۇ قوللانغان غۇزلار دېگەن نام شەك - شۈبھىسىزكى، ئەينى زاماندا ھازىرقى سەمەرقەنتنى مەركەز قىلغان سوغدىيانا دېگەن جايدىكى ئادەملەرنى، يەنى ئىران ئىرقىنى كورسىتىدۇ. كوك كوز، سىم ساقال، مايمۇن ئەۋلادىدەك دېگەن سوزلەر دەل مۇشۇ ئىرققا مەنسۇپ بولغان

① «خەننامە غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، ئۇيسۇنلار بابىنىڭ ئىزاھى.

چىراي ـ شەكلىنىڭ تەسۋىرى بولۇپ، ئۇ، تۈركلەرنى كۆرسەتـ
مەيدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار باشقا جايلاردىمۇ تېپىلىـ
دۇ. مەسىلەن، تۈرك قەۋملىرىدىن بولغان قىرغىز مىللىتى
[خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جيەنكۇن، دۇكۇن (坚昆, 鬲昆)
دەپ؛ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە چىگۇ، جۈيـ
ۋۇ، جېگۇ (契骨, 居勿, 结骨) دەپ؛ تاڭ سۇلالىسى دەۋـ
رىدە گېگۇس، جېگاس (纥戛斯, 黠纥斯) دەپ ئاتالغان،
ئۇلارنىڭ تىلى ھېچ بولمىغاندا، تاڭ دەۋرىدە تۈركلىشىپ
بولغان] نىڭ چىراي ـ شەكلى توغرىسىدا، «تاڭنامە. ئۇيغۇرـ
لار تەزكىرىسى (2)» نىڭ "قىرغىزلار" دېگەن قوشۇمچە
ماددىسىدا، "ئادەملىرى بويلۇق، ئاق چاچلىق، يۈزلىرى ئاق
سۈزۈك، كۆز قارچۇقى كۆكۈش كېلىدۇ، قارا چاچنى شۇملۇق
دەپ بىلىدۇ، قارا كۆزلۈك كەلگەنلىرىنى جەرەمەن لى لىڭلىق
مياۋلارنىڭ ئەۋلادى دېيىشىدۇ" دېيىلگەن. بۇمۇ ھەرگىز
تۈركلەرنىڭ چىراي ـ شەكلى ئەمەس، بەلكى ئىران ئىرقىـ
نىڭ ئالامەتلىرى بولۇشى كېرەك. رىۋايەتلەردە، تۈرك
مىللىتىنىڭ ئەجدادى ــ بۆرە، دېيىلىدۇ. تاڭ دەۋرىدە ئۆتـ
كەن دۇەن چېڭشىنىڭ «خىلمۇ خىل يۇياڭ پۈتۈكلىرى»
دېگەن كىتاۋىنىڭ 4 ـ جىلدىدىمۇ "قىرغىزلار بۆرە نەسلىدىن
ئەمەس" دېيىلگەن. بۇ، قىرغىزلار تۈرك ئىرقىدىن ئەمەس،
دېگەن سۆز. بۇ خاتىرىلەردىن، تاڭ دەۋرىدە ھازىرقى يېنىـ
سەي دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىنى ئىگىلىگەن ۋە تۈركى
تىل شۇۋىسىدە سۆزلىشىدىغان قىرغىزلارنىڭ ئەسلىدە تۈرك
ئىرقىدىن ئەمەس، بەلكى ئارىيان ئىرقىدىن ئىكەنلىكى،
ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كېيىنچە تۈركلىشىپ كەتكەنلىكى
مەلۇم بولىدۇ. يەن شىگۇنىڭ ئۇيسۇنلار توغرىسىدىكى خاتىـ



رىسى ھەرگىزمۇ ئاددى ھالدىكى قىياس بولماسلىقى مۇمكىن،
ئۇنىڭ نىمە ئاساسى بارلىقى بىزگە نامەلۇم. بەزى ياۋروپا
ئالىملىرى، ئۇيسۇنلار ــ قەدىمقى زامان يازما خاتىرىلىرىدىكى
كۆچمەنلەردىن بولغان ئاسسى ① لار، دەپ قارايدۇ. ھالـ
بۇكى، ئۇيسۇنلار ئالدىنقى خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشالىرىدىن
ۋېندى خان دەۋرىدە ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىن بۇ يەرگە
قېچىپ كەلگەن ئۇلۇغ ياۋچىلارنى قوغلىۋېتىپ، بۇ جاينى
ئىگەللىگەن. ئۇلۇغ ياۋچىلار بۇ يەردىكى ساكلارنى قوغلىۋېـ
تىپ بۇ جاينى ئىگەللىگەن. ساكلار بىلەن ئۇلۇغ ياۋچىلارـ
نىڭ قايسى ئىرققا مەنسۇپ ئىكەنلىگى مەسىلىسى تېخى
ئېنىق بېكىتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن، ئارىيان ئىرـ
قىغا مەنسۇپ دەپ قارالماقتا. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان
بولسا، ئۇلۇغ ياۋچىلار يازما خاتىرە پەيدا بولغان دەسلەپـ
كى چاغلاردا ئىرقىي تارقىلىش جەھەتتە ئارىيان ئىرقىنىڭ
شەرققە يۈرۈش قىلغان دەسلەپكى ئەۋلاتلىرى بولۇپ، ئۇلار
ئۇدۇل ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىگە يېتىپ بارغان.

سىمىرىچ (يەتتەسۇ) نىڭ جەنۇبىدا خەن دەۋرىدىن تارتىپلا
كانگۈي دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەبىلە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ،
ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچى سوغدىيانا دېگەن جايغىچە يېتىپ
بارغان. ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى ۋە تىلىغا قارىغانـ
دا، بۇ قەبىلىنىڭ ئۇيسۇنلار ۋە قىرغىزلارغا ئوخشاش چىراي-

---

① ۋ. كىنگسمىل (W,Kingsmill): «مىلادىدىن ئىلگىرىكى جۇڭگو بىلەن غەربىي يۇرت ۋە خوشنا ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت»، JARS ژورنىلىـ نىڭ 1882 ـ يىللىق 14 ـ سانى، 74 ـ 104 ـ بەتلىرى؛ چارپېنتىيېر (Charpentier): «توخارلارنىڭ ئىرقى ئورنى»، ZDMG ژورنىلىنىڭ 1917 ـ يىللىق 71 ـ سانى، 347 ـ 388 ـ بەتلىرى.

شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا بىرەر خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. شۇڭا، ئۇلارنى تۈرك قەۋمىگە تەۋە دەپ خاتىرىگە ئېلىشنى نامۇۋاپىق دېيىشكە بولمايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ تىلى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنىڭ ئوخشاشلىقى ياكى يېقىنلىقى ئىرقىي جەھەتتىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشاشلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ (مەسىلەن، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان قىرغىزلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش). دەۋرلەر ئۆتكەنسېرى ئىرقلارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىش دەرىجىسىمۇ بارغانسېرى ئېغىرلاشتى، ئەمدى ئومۇمەن ساپ ئىرقىي تىپلار قالمىدى، قەدىمقى مىللەتلەرنى بۈگۈنكى ئېتنولوگىيىلىك بىلىملەرگە ئاساسلىنىپ ئىنچىكە پەرقلەندۈرۈشمۇ مۇمكىن ئەمەس. كانگۈيلارنىڭ بۇ جايىنى قاچان ئىگىلىگەنلىكىمۇ ئېنىق ئەمەس. ئۇنىڭدىن قالسا، بۇ جايلاردا كانگۈيلار ياشىغان چاغلاردا ئارىيان سىستېمىسىدىكى ئىرقلار تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنمۇ، ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئارىيان ئىرقى كېڭەيمىچىلىك قىلغان چاغلاردا كانگۈيلارغا ئوخشاش تۈرك ئىرقىدىكىلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنمۇ دېگەندەك مەسىلىلەر تارىختىن ئىلگىرىكى زامانلارغا تەئەللۇق مەسىلىلەر بولۇپ، بۇ ھەقتە ھازىرچە بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. قىسقىسى، بۇ جاي توغرىسىدا يازما خاتىرىلەر بارلىققا كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردىلا، تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىن سىمىرىچىقىچە بولغان جايلاردا ئارىيان ۋە تۈرك سىستېمىلىرىغا كىرىدىغان كۆچمەن ئىرقلار ياشىغان. كېيىنچە ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئالدىنقى خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشالىرىدىن ۋۇدى خان دەۋرىگە كەلگەندە (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 130-يىللىرى) ئۇلۇغ ياۋچىلار يەنە غەربىي جەنۇپ تەرەپكە كۆچـ



گەن. ئۇلارنىڭ ئورنىغا بۇ جايىنى تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان قەۋملەردىن ئۇيسۇنلار تا جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگىچە ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان. شەك-شۈبھىسىزكى، ساپ تۈرك ئىرقىنىڭ بۇ جايىنى ئىگىلىگەنلىكى كېيىنكى ۋەقە. ئۇنىڭدىن قالسا، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قەۋملەرگە كەلسەك، بۇ جايلاردىن قېزىۋېلىنغان تۈرلۈك پۈتۈكلەر، رەسىملەر، ئىسكىلىتلار ۋە باش سۆڭىكى قاتارلىق ماتېرىياللار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، بۇ جايدا ئەڭ كېچىككەندىمۇ مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئاساسەن ئارىيان ئىرقىنىڭ ياشىغانلىقىدا شەك يوق.

ئاخىرىدا سىر، ئامۇ دەريالىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى جايلارغا، يەنى تۇپرىقى مۇنبەت، مەشھۇر سوغدىيانىغا ئولتۇراقلاشقان ئاھالە توغرىسىدا چوڭقۇرراق توختىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىلمىي ساھەدە، بۇ جاينىڭ مەلۇم قىسمى ئارىيان ئىرقىنىڭ ئانا ماكانى ئىدى، دەيدىغان بىرخىل تەلىمات ① ئەۋج ئالغان ئىدى. ھازىرمۇ بىر قىسىم كىشىلەر يەنىلا مۇشۇ تەلىماتتا چىڭ تۇرماقتا. ئەمدى بۇ تەلىماتنىڭ قاچان، نېمىنى ئاساس قىلىپ، قانداق كىشىلەر تەرىپىدىن تەشەببۇس قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى جەرياننى قىسقىچە بايان قىلىمىز.

ياۋروپادا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق تەرەققىي قىلغانلىقتىن، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياۋروپا ئالىملىرى سانسكرىت تىلى (قەدىمقى ھىندىستان تىلى)، زېنت تىلى (قەدىمقى

① «ئاسىيا تەتقىقاتى» (Asiatic Researches)، 1-توم، 422-بەت، ۋە «تىلشۇناسلىق تارىخى» (Benfey, Geschichte der Sprachwissenchaft)، 1869-يىل نەشرى، 348-بەت.

پارس تىلى) قاتارلىق تىللارنى تەتقىق قىلىشقا قىزىـ
قىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن، بۇ تىللارنىڭ گىرېك، لاتىن،
گېرمان، كىرىت تىللىرى بىلەن لېكسىكا ۋە گىراممېتىكا
جەھەتلەردە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىرمۇنچە تەرەپلىرىـ
نىڭ بارلىقىنى بايقىدى. 1786 - يىلى ۋىلىيام جونىس
(William Jones) بۇ ئوخشاشلىقلار ئورتاق مەنبەدىن كېلىپ،
چىققان، دېگەن تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن، بۇ تەلىـ
ماتقا ھەقىقى تۈردە تەۋرەنمەس ئاساس سېلىپ بەردى.
1833 - يىلدىن كېيىن، گېرمانىيە تىلشۇناسى فرامز بوپ
(Framz Bopp) سانسكرىت، زېنت، گىرېك، لاتىن، لىتۋا،
گوتىك، قەدىمقى سىلاۋيان ۋە نېمىس تىللىرىنىڭ سېلىشـ
تۇرما گىراممېتىكىسىنى① نەشر قىلدۇرۇپ، ھىندى - ياۋرۇپا
سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقى دېگەن پەننى ياراتتى. بۇ تەتقىقاتـ
قا ئاساسەن، ھازىر ياۋروپادا ساقلىنىپ قالغان تىللار
(باسكى تىلى، فىن تىلى، ۋېنگىر تىلى، تۈرك تىلى قاتارلىقـ
لار بۇنىڭ سىرتىدا) نىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر تىل
سىستېمىسىغا كىرىدۇ، يەنى بۇ تىللار ھازىر ساقلىنىپ قالغان
تىللار ئىچىدىكى سانسكرىت تىلى سىستېمىسىغا كىرىدىغان
ئىران تىللىرى (Arya ۋە Iran دېگەن سۆزلەر بىر مەنبەـ
دىن كېلىپ چىققان سۆزلەر بولۇپ، پارسلار ئارىيانلارنى
شۇنداق دەپ ئاتايدۇ) بىلەن، شۇنداقلا ئەرمەن تىلى قاتارلىق
تىللار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، بۇ تىللارنىڭ ھەممىسى ھىنـ
دى - گېرمان تىللىرى دېگەن سىستېمىغا كىرىدۇ، دەپ قارالـ

① «سانسكرىت، زېنت، گىرېك، لاتىن، لىتۋا، گوتىك ۋە نېمىس تىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما گىراممېتىكىسى» (Vergleichende Grammatik des Sanskrit, Zent Griechischen, Latenischen, Lathanischen ,Got (hischen und Deutschen).



دى. شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئوخشاش بىر تىل
سىستېمىسىغا كىرىدىغان بۇ تىللار چوقۇم بىر مەنبەدىن يەنى
بىر ئانا تىلدىن كېلىپ چىققان، بۇ تىللاردا سۆزلىشىدىغان
كىشىلەرنىڭ ئەجدادىمۇ بىر بولۇشى كېرەك، دېگەن تەلىماتـ
مۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ تەلىمات دەسلەپتە تىلشۇناسلىق
تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا پەيدا بولدى.
ئۇلار سانسكرىت ۋە زېنت تىللىرىنىڭ ھىندى - ياۋروپا تىلـ
لىرىنىڭ ئەڭ قەدىمقى شەكلى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇ
تونۇشقا ئاساسەن، ئاسىيا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بۇ تىللار-
نىڭ بوشۇگى بولۇشى كېرەك، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويـ
دى. مەسىلەن، ئاڭگۇست پوت (Angust pott) ھىمالايا تاغـ
لىرىنىڭ شىمالى ۋە كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى سىر،
ئامۇ دەريالىرىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان جايلار مۇشۇ
مىللەتلەرنىڭ ئانا ماكانى، دەپ ھېساپلىدى. بۇ تەلىمات ئالـ
دىنقى ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر سانسكرىت تىلشۇناسى ماكس
مېيۇللېر (Max Müller) زامانىسىغا كەلگەندە تېخىمۇ مۇكەمـ
مەللىشىپ، ئاساسەن شۇ چاغدىكى ئىلمىي ساھەدىكىلەرنىڭ
بېكىتىلگەن تەلىماتى بولۇپ قالدى. مېيۇللېر، بوپ قاتارلىقـ
لار ھىندى - گېرمان تىللىرى دەپ ئاتىغان، فرانسۇز، ئېنگـ
لىز ئالىملىرى ھىندى - ياۋروپا تىللىرى دەپ ئاتىغان تىلـ
لارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئارىيان تىلى دەپ ئاتىدى. ئەسلىدە
ھىندىستان، ئىران تىللىرىغا قارىتىلغان نامنى ھىنـ
دى - ياۋروپا سىستېمىسىدىكى تىللارنىڭ ئومۇمى نامى سۈپەـ
تىدە قوللاندى. 1861 - يىلى، ھىندىلار، پارسلار،
گىرېكلەر، روملار، سىلاۋيانلار، كېلتلار ۋە گېرمانلارنىڭ
ئەجداتلىرى بىر ئۆيدە ياشىغان ئارىيانلاردۇر، دېگەن نەزىرىـ

يىنى ئوتتۇرىغا قويدى ①. شۇنداقلا تىل جەھەتتىكى ئوخشاشلىق بارلىق ئارىيان مىللەتلىرىدە ساقلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ھىندىلار ۋە پارسلارنىڭ ئەجدادلىرى جەنۇپقا كوچۇشتىن، گىرېك، رومانلار، كىرىتلار، تېۋتون ۋە سلاۋىيان مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قوماندانلىرى ياۋروپا دېڭىز بويلىرىغا كوچۇشتىن ئىلگىرى ئارىيانلارنىڭ بىر قىسمى بەلكىم ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ ئىگىز جايلىرىدا ياشىغان بولۇشى، تېخى سانسكرىت، گىرېك ۋە گېرمان تىللىرىغا بولۇنمىگەن، لېكىن مۇشۇ تىللارنىڭ دىيالېكتلىرىنىڭ تورەلمىسى پەيدا بولۇۋاتقان بىر تىلدا سوزلەشكەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ھىساپلىدى.

ئەمما 19 - ئەسىردە ياۋروپا ئىلمىي ساھەسىنىڭ تەرەققىياتى تىلشۇناسلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. بۇ مەزگىلدە ئانتروپولوگىيە (ئىنسانشۇناسلىق)، تارىختىن ئىلگىرىكى ئەھۋاللارنى تەكشۈرىدىغان ئارخېولوگىيە ۋە گېولوگىيە پەنلىرىمۇ زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. يېڭىدىن راۋاجلانغان پەنلەرنىڭ تەتقىقاتچىلىرى ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلار يۇقۇرقى تەلىماتلار بىلەن سىغىشالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئارىيان مىللىتىنىڭ ئاناماكانى ئوتتۇرا ئاسىيا، دىگەن تەلىمات تەۋرىنىشكە باشلىدى. ئانتروپولوگلار، بولۇپمۇ باش سوڭىكىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملار ۋە ئارخېولوگلار ئۆزلىرى توپلىغان نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش ئارقىسىدا، ھازىرقى ئىسپانىيە، فرانسىيە، دانىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق كەڭ رايوندا ئولتۇراقلاشقان خەلقلەرنىڭ كوپ

① ماكس مېيۇللېر (Max Müller): «تىل ئىلمى ھەققىدە لېكسىيە» (Lectures on the acience of Language) 211، 212 - بەتلەر؛ «تىللا تەتقىقاتى» (survey of Language) 29 - بەت.



قىسمىنىڭ يېڭى تاش قوراللار دەۋرى ياكى ھەتتا كونا تاش قوراللار دەۋرىدىلا ئوخشاش بىر ئورۇننى ئىگەللىگەن راۋاج تاپمىغان مىللەتلەرنىڭ ئەۋلاتلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، تىلشۇناسلارنىڭ سىلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئاساسىدىكى تەلىماتى بىلەن قارشىلاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تىلشۇناسلارنىڭ تىل بىلەن قەدىمقى ھايۋاناتلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرىمۇ بۇ تەلىماتقا پايدىلىق بىرەر نەرسە ئېلىپ كېلەلمىدى. ئۇلار ئېپتىدائى ھىندى - ياۋروپا تىللىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھايۋاناتلار ۋە ئوسۇملۇكلەرنىڭ ئىسىملىرىنى تاپالمىدى، ئەكسىچە، بۇ تىللاردىن ياۋروپادىكى قەدىمقى جانلىقلارنىڭ ئىسىملىرى تېپىلدى. بۇمۇ، ئارىيانلار كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى رايونلاردىن كوچۇپ كەلگەن، دىگەن تەلىماتقا توسالغۇ پەيدا قىلدى. بۇ تەلىماتنى 1868 - يىلى بېنفېي (Benfey) ئىزچىل تەشەببۇس قىلغان ئىدى ①. ئۇنىڭ پىكرىچە بولغاندا، بۇ مەنبەنى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، گېيگېر (Geiger) ② مۇ يەنە شۇ ئۇسۇلغا ئاساسلىنىپ، بۇ مەنبەنى تېخىمۇ غەربىي شىمالدىكى جايلاردىن يەنى مەركىزىي ۋە غەربىي گېرمانىيىدىن ئىزدەش كېرەك، دەپ قارىدى. 1871 - يىلى

① بۇ تەلىمات ئۇنىڭ 1868 - يىلى فىك (Fick) يازغان «ھىندى - ياۋروپا تىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى» (Vergleichendes Wörtebuch der Indogermanischen Sprachen) ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن كىرىش سوزىدە بايان قىلىنغان.

② گېيگېر (Geier) «ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات تارىخى» (Zur Entwickelungs geschichtider Menschheit) 113، 150 - بەتلەر.

كۇنو (Cuno) ② شىمالىي ياۋروپا رايونلىرى ئارىيان مىللىتىنىڭ ماكانى، دېگەن قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە شرادېر (Sehrader) ③، شىمالىي ياۋروپا — ياۋروپا ئارىيانلىرىنىڭ ماكانى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەريا ۋادىسى — ئاسىيا ئارىيانلىرىنىڭ ماكانى، دەيدىغان ئىككى ماكان تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شىمالىي ياۋروپانىڭ ياۋروپا ئارىيانلىرىنىڭ ماكانى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۇ، ئارىيانلارنىڭ شەرقتىن كەلگەنلىكى ھەققىدە ئاساس يوق، دەلىل ـ ئىسپاتقا ئىگە ئەڭ دەسلەپكى دەۋرلەردە ئۇلار جەنۇپ ۋە شەرققە قاراپ كېڭەيگەن، تىل بولۇنۇشتىن ئىلگىرى ئۇلار ئىگەللەپ تۇرغان جايلار ئالىپ تاغلىرىنىڭ شىمالىي بولۇشى كېرەك، دەپ ھېساپلىدى. سىر دەريا ۋادىسىنىڭ ئاسىيا ئارىيانلىرىنىڭ ماكانى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۇ، سانسكرىت تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر غەربىي شىمالدىن ھىندىستانغا كىرىپ، ۋېدا (Veda) دەۋرىدىلا ھىندى دەرياسىنىڭ بويلىرىغا جايلىشىپ بولغان، ھىندىلار بىلەن ئىرانلىقلار ھىمالايا تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى مەلۇم جايدا بىرلىكتە ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى قەبىلىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە ياكسارتىس (Yaxartes) يەنى بۇگۈنكى سىر دەرياسىنىڭ سول تەرىپىدىكى نارىن دەرياسى — تەرجىماندىن) قا دائىر رىۋايەتلەر بار، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاۋال ياشىغان جايىنى مۇشۇ دەريانىڭ ۋادىلىرىدىن ئىزدەش لازىم، دەپ ھېساپلايدۇ. بۇ تەلىماتنى مۇۋاپىق دەپ قاراش كېرەك. ھېچ بولمىغاندىمۇ

① كۇنو (Cuno) «قەدىمقى زامان مىللەتشۇناسلىقى تەتقىقاتى (Forschungen in Gebiete der alten Völkerkunde)

② شرادېر (Sehrader) «تىل سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىپتىدائى جەمئىيەت تارىخى» (Sprachvergleichung und urgeschichte)



ئۇنىڭ تار مەنىدىكى ئارىيان مىللىتى (يەنى ھىندىلار، ئىرانلىقلار) نىڭ ئانا ماكانى مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارشى تۇرغۇن ئالىملار تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنىدى. ئەمدى بۇنىڭ ۋاقتىغا كەلسەك، تەخمىنەن مىلادىدىن 1500 يىل ئىلگىرى بولسا كېرەك. بۇ ئارىيانلارنىڭ بىر قىسمى ھىندىستانغا كىرىپ، يەرلىك ئاھالىنى قوغلىۋېتىپ تەدرىجى كۇچەيگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى پېرسىيىگە كىرگەن. بۇ قەۋمنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پېرسىيە تەرەپتىكى بىر قىسمى ئىرانلار دەپ ئاتالغان (يۇقۇرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، بۇ — ئارىيا دېگەن سۆزنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى). يېزىق خاتىرىلىرى بارلىققا كەلگەن دەۋرنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ قەۋم سىر ۋە ئامۇ دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىسىدىكى پېرسىيىگىچە بولغان جايلارنى ئىگەللىگەن.

ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ تاڭ نۇرى پارلىغان دەۋرىدىكى مىللەتلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى يەنى ئومۇمى ئەھۋالىنى مۇشۇنچىلىك بايان قىلىمىز. ئەگەر ئارىيانلار ياكى ئۇلارغا ئوخشاپراق كېتىدىغان مىللەتلەر ئاساسەن مۇشۇ رايونغا جايلاشقان، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىغا تۈركلەر ياكى، ئۇلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان مىللەتلەر ئارىلاشقان دېسەك، ئانچە خاتالاشمايمىز. كېيىنكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەپسىلاتىنى كېيىنكى باپلاردىن كۆرگەيسىز.

ئۈچىنچى باپ

# غەربىي يۇرت تارىخىنىڭ تاڭ نۇرى

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5 - ئەسىردىن 4 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە پېرسىيىدە تۇرۇپ، شەرق توغرىسىدىكى بىلىملەرنى توپلىغان يۇنان تارىخچىسى كېتىساس (Ketesias)① نىڭ بايان قىلىشىچە، پېرسىيىدىكى ئاخمىنىدلار (Acaemenid) سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاسى كىيرۇشى (Keyrus) ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ سوغدىياناغا جازا يۈرۈشى قىلغان ۋە ئۇنىڭ شەرقىي چېتىگە كىيرۇش شەھىرى (Kyupolis) نى بەرپا قىلغان. مىلادىدىن ئىلگىرى ۋە مىلادى 1 - ئەسىردە ياشىغان سترابون (Strabon) ② يازغان «جۇغراپىيە» دىگەن كىتاپىدىمۇ بۇ شەھەرنىڭ كىيرۇس قۇرغان ئەڭ ئاخىرقى شەھەر ئىكەنلىگى، ئۇنىڭ ياكسارتىسقا (هازىرقى نارىن دەرياسىغا) تۇتىشىدىغانلىغى ۋە پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرقى چېگىرىسىغا جايلاشقانلىغى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. بۇ شەھەر ياكسارتىسنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى كوچمەن قەۋملەرنىڭ يەنى گىرىكلار ئىسكىت دەپ ئاتايدىغان قەۋمگە مەنسۇپ قەبىلىلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىيە كورۇش مەقسىدىدە قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئورنى ئومۇمەن، هازىرقى سەمەرقەنتنىڭ شەرقـ

① «ھىندىستان ئاسارە - ئەتىقىچىلىگى (Indian (Antiguare) دىن مېكرىندلى (Mecrindlle) تەرجىمىسى، 1832 - يىلدىكى كالكوتتا نەشرىگە قارالسۇن.

② «سترابون جۇغراپىيىسى» (Strabos Geography) II قىسىم، 54 - بەتكە قالسۇن.



دىكى ئۇرە تۆپە ئەتراپى بولۇشى مۇمكىن،① دەپ قارالماقتا. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىران قەۋمىگە مەنسۇپ چوڭ ئىستىلاچىلار بىلەن كوچمەن قەۋم ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار داۋامىدا بۇ جاينىڭ تارىخىدىكى تاڭ نۇرى پارلىدى. ئاتەشپەرەستلىك (زورو ئاستىرىزىم) دەستۇرى — «زىند - ئاۋېستا» دا: تەڭرى — ئاھۇرامازدا ئەڭ دەسلەپتە باكتىرىيىدە يەنى هازىرقى بەلىخ دىگەن جايدا ئادەمنى ياراتقان دىيىلگەن. بۇ كىتاپنىڭ كوپ جايلىرىدا يەنە سوغدىيانا دىگەنگە ئوخشاش ئىسىملار ئۇچرايدۇ. كېتىساسمۇ ئاسسۇرىيەنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرلىرىدە ئۇزىگە خوشنا ئەللەرنى بويسۇندۇرغانلىغى توغرىسىدىكى رىۋايەت ئۈستىدە توختالغىنىدا، سوغدىيانا دىگەن ئىسىمنى تىلغا ئالغان. لېكىن ئۇنى بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك ھەقىقى تارىخىي ماتىرىيال دەپ ھېساپلاش ناھايىتى قىيىن.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 521 - يىلى مۇشۇ خاندانلىقنىڭ پادىشاسى دارا (Darius) نىڭ تۆھپىسى ئويۇلغان مەشھۇر بېخىستۇن قىيالىغىغا (Behistun) ② (1- رەسىم)، مەرگىيانا (Margiana) يەنى هازىرقى مېف (Meff) توپىلىڭى بولغاندا، پادىشا باكتىرىيىگە ئەۋەتكەن دادىرىشىش (Dādershish) نىڭ باكتىرىيىگە جازا يۈرۈشى قىلغانلىغى ھەم ئۇنى بويسۇندۇرغانلىغىغا دائىر ئىشلار خاتىرىلەنگەن.

① سىچۋارز (Schwarz): «ئالېكساندىر (ئىسكەندەر زۇلقەر نەيىن) نىڭ تۈركىستانغا يۈرۈش قىلىشى» (Alexander des Grossen Feldzüge in (Turkestan) 1893 - يىل نەشرى، 1 - قىسىم.

② «دارا شاھىنىڭ خاتىرە تېشى»، (Thi Sculpture and تۇاۋغ (Inescription of the Greet) بىرىتانىيە مۇزېيىنىڭ 1907 - يىل نەشرى.

ئۇنىڭدا مىسال كەلتۈرۈلگەن پادىشاغا قاراشلىق جايلار ئىچىدە Parthava=Partha (ئارساك يەنى ئىران)، Haraiva=Aria (ئارىيە)، Zaranka=Drangiana (درانگىيانا)، Uvarazima = Chorasima (خۇۋارەزىم)، Suguda=Sogdiana (سوغدىيانا)، Bakhtris=Bactria (باكتىرىيە)، Gandāra (گاندارا، يەنى بۈگۈنكى پاكىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى پېشاۋۇر — تەرجىماندىن)، Saka (ساك) قاتارلىق ناملارمۇ ئۇچرايدۇ. يەنە مۇشۇ پادىشانىڭ توھپىسى ئويۇلغان پېرسېپولىس ئابىدىسىدە ۋە ئېيتىلىشىچە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 484-يىلى ئويۇلۇپ پۈتكەن پادىشا رۇستەمنىڭ نەخشى رۇستەم قەۋرى تېپىشىدىمۇ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان جاي ناملىرى ئۇچرايدۇ. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر پېشۋا تارىخشۇناس ھېرودوت (Herodots) نىڭ پادىشا دارا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن باج-سېلىق تاپشۇرىدىغان رايونلارنى مىسال كەلتۈرگەن خاتىرىسىدە، ئارساكلار، خۇۋارەزىملىقلار، سوغدىلار ۋە ئارىيەلەرنىڭ ئىسىملىرى ئۇچرايدۇ. بۇ ھۆججەتلەر مۇشۇ جايلارنىڭ ئىلگىرى ئاخمېنىلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدىغان ئەڭ قەدىمقى خاتىرىدۇر. بۇ جايلاردىن باكتىرىيە بىلەن سوغدىيانا ئىرانلىقلارنىڭ ماكانى ئىدى. قەدىمقى ئىرانلىقلارنىڭ ھايات تومۇرىنىڭ خۇسۇسەن باكتىرىيىدە روشەن سوقىدىغانلىقىنى پېرسىيىنىڭ بارلىق رىۋايەتلىرىدىنمۇ كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئىراننىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى بولغان زورو ئاستېرىزىم (Zoroastra — ئاتەشپەرەستلىك — ت)، ئەسلىيەتتە ئالدى بىلەن باكتىرىيىدە تارقالغان. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، پادىشا كىيرۇسنىڭ



ئاساندىسى لوخراسپ (Lohrasp) باكتىرىيىدە مېھراپ ياساپ ئوتقا تېۋىنغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ياشىغان گۇستاسپ (Gustap) مۇ بۇ يەردە ماكانلاشقان. بۇ چاغدا زوروئاستېرا (Zarathustra) دېگەن كىشى بۇ يەرگە كېلىپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىش بىلەن پادىشا لوخراسپنىڭ كېسىلىنى ساقايتقاندىن كېيىن، پادىشا گۇستاسپنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ شاھزادىسى ئىسپەندىيار (Isfendiyar) بۇ دىننى تارقىتىش ئۈچۈن خوشنا ئەللەرگە جازا يۈرۈشى قىلغان.

ياكسارتىس (سەيخۇن ياكى ھازىرقى نارىن) ۋادىسى — ئارىيانلارنىڭ ماكانى ئىكەنلىكى توغرىسىدا توختالدۇق، ئىرانلىقلار ئۇ يەردىن جەنۇپقا ۋە غەرپكە كۆچكەن چاغلاردا، ئۇلار ئەڭ دەسلەپ ئۇچراتقان جەننەت — تۇپرىقى مۇنبەت بولغان زەرەپشان ۋادىسىدىكى سوغدىيانا بولۇشى كېرەك. بۇ، مۇشۇ يەرنىڭ سۇگۇدا (Suguda) دېگەن ئەسلى نامىنىڭ گىرېكچە ئۆزگەرتىلگەن ئاتىلىشى بولۇپ، "گۈزەل، مۇقەددەس، پاك يەر" دېگەن مەنىدە ئىدى①. ئەسلى ماكانىدا ئاساسەن كۆچمەن پادىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئىرانلىقلار بۇ مۇنبەت يەرگە كەلگىنىدىن كېيىن، بارا-بارا تۇراقلىق ماكان تۇتۇپ دېھقانچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولغان. قاچان شۇنداق بولغانلىقىنى ئېنىق بىلگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما خاتىرە يېزىلىشقا باشلىغان دەۋرنىڭ سوغدىيانا دېگەن نام بارلىققا

① توماسچېك (Tomaschek): «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» (Centralasiatisehen studien)، SPAW، 1877-يىل نەشرى، 74-بەت.

كەلگەن چاغلىرىدا، بۇ جاي مۇشۇ دىنىنى مەركەز قىلغان ئۇزىگە خاس ئىران روھىنى ئىپادىلىگەن. پادىشا ئالىكساندىر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن — ت) پېرسىيىنى تولۇق ئىگەللەپ بولۇپ، بۇ يەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە كەينى-كەيىندىن مەغلۇپ بولغانلىقى دەل مۇشۇ روھنىڭ ئىپادىسىدۇر.

باكترىيە ئۇ چاغلاردا ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم جاي ئىدى. سوغدىيانانىڭ مەركىزىگە ھازىرقى سەمەرقەنت يەنى ئەينى زاماندىكى يۇنان خاتىرىلىرىدە ئۇچرايدىغان ماراكاندا (Maracanda) شەھرى جايلاشقان ئىدى. مىلادى 1-ئەسىردە ئۇتكەن رىملىق يازغۇچى كۇرتىيۇس (Curtius) ① يازغان خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئالىكساندىر ماراكاندىغا ھۇجۇم قىلغان چاغلاردا، بۇ شەھەر ئىچكى ۋە تاشقى شەھەرلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەرقايسىسىنىڭ ئايرىم-ئايرىم سېپىللىرى بار ئىكەن. تاشقى شەھەر سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 70 ستادىيا (يەنى 13 كىلومېتىر) كېلىدىكەن. بۇ يەر زەرەپشان دەرياسىغا يېقىن بولۇپ، ئۇ چاغلاردا قانال ئارقىلىق بىر-بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدىكەن. باشقا مۇنبەت جايلار توغرىسىدىمۇ گىرىكلەر يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلەر بار. كېيىن ئەرەپ جاغراپىيەشۇناسلار بۇ شەھەر جايلاشقان سوغدى جىلغىسىنى دۇنيا بويىچە ئۇزلىرىگە مەلۇم بولغان 4 جەننەتنىڭ بىرى دەپ ئاتىغان②. سەمەرقەنت بىلەن بىللە يەنە بۇخارامۇ بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئالىكساندىرنىڭ تاجاۋۇزى توغرىسىدىكى خاتىرىلەردە بۇ يەرنىڭ نامى ئۇچرىمايدۇ

① سچۋارزنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان كىتاۋى، 43 - بەت.
② توماسچېكنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان كىتاۋى، 227 - بەت.



ئالىملار، ئاراكاندا — سوغدى پايتەختلىرىنىڭ بىرسى① دەپ قارايدۇ. يەنە بىر جايدا خاتىرىلەنگەن سوغدى (Sogda) دىگەن ئىسىم بۇخارانى كورسەتسە كېرەك. سوغدى ھەم يەر نامى ھەم پايتەخت نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. سوغدى — سوغدىيانانىڭ يازلىق پايتەختى، بۇخارا — قىشلىق پايتەختى بولغان.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەھەر-رايونلىرى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ئانچە ئېنىق ئەمەس، جۇڭگونىڭ خەن دەۋرىگە كەلگەندىلا ئېنىق خاتىرىلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىغان.

توتىنچى باپ

# ئالېكساندىرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى ۋە باكترىيە بىلەن ئارساك

پېرسىيىدىكى ئاخمېنىدلار سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچى ماكېدونىيە قەھرىمانى پادىشا ئالېكساندىر (ئەرەپلەر ئۇنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دەپ ئاتايدۇ — ت) نىڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشى تەرىپىدىن بىتچىت قىلىندى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 331-يىلى ئاخمېنىدلار پادىشاسى دارا Ⅲ گانگامېلا (Gangamela) ئۇرۇشىدا ئالېكساندىردىن يېڭىلىپ شەرقتىكى باكترىيىگە قېچىپ كەلگەندە، باكترىيە ھىراۋۇلى بېسۇئۇس (Bessus) تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئالېكساندىر يەنە بېسۇئۇس ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 329-يىلى باكترىيىگە بېسىپ كىردى ۋە

تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ياكسارتىس (سەيخۇن ياكى ھازىرقى نارىن — ت) دەرياسىدىن ئۆتتى. ئالېكساندىر ئۆزىنىڭ ئۈچ يىللىق ھەربىي پائالىيەتلىرى داۋامىدا، باكتىرىيىدىن تارتىپ سوغدىياناغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، ياكسارتىس دەرياسىنىڭ بويىغا ۋە باشقا جايلارغا ئوخشاشلا ئالېكساندىرىيە (ئىسكەندەرىيە) شەھەرلىرىنى قۇردى. بۇ جاي ئومۇمەن، ھازىرقى خوجەند (Khodjend) ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ، دەپ قارالماقتا. ئالېكساندىر① يىراقتا يۈرۈش قىلىش سەپىرىدە پېرسىيەنى ئاسانلا ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ جايدا قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، پاتقاققا پېتىپ قالغىلى تاس قالدى. ئۇ سوغدىيانىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، باكتىرىيىگە قايتىپ كەلدى ۋە ئۇ يەرنى تايانچ بازا قىلدى. ئالېكساندىر مىلادىدىن ئىلگىرىكى 327 - يىلى جەنۇبقا ئەسكەر باشلاپ كېلىپ، ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلدى. ئاردىن 4 يىل ئۆتكەندە يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 323 - يىلى، ئالېكساندىر سەپەر ئۈستىدە تۇساتتىن ئاغرىپ قېلىپ ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن، پادىشا ئالېكساندىرنىڭ ھەربىي ماھارىتى ۋە ئۇنىڭ سەركەردىلىرى - جەڭچىلىرىنىڭ قان - تەرلىرى بەدىلىگە كەلگەن ماكېدونىيەدە دەرھال ئىچكى يېغىلىق يۈز بەردى. ئالېكساندىرنىڭ دۇنياغا ئىمپېراتور بولۇش خامخىيالى كۆپۈككە ئايلاندى، جايلارنى ئۆز تەسىر دائىرىسى قىلىپ بولۇشۇۋالغان سەركەردىلەرنىڭ ئىستىبداتلىق سىياسىتى پەيدا بولدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 306 - يىلى سېلېۋكۇس نىكاتور (Seleucus.Nikator)

① توماسچېكنىڭ يۇقۇرقى كىتاۋىنىڭ 122 - بېتى، سىچۋارزنىڭ يۇقۇرقى كىتاۋىنىڭ 47 -، 51 - بەتلىرى.



باكتىرىيىنى ئىشغال قىلىپ، ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئىدى، مائۇرىيا سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاسى چاندراگۇپتا (Chandragupta) دىن زەربە يەپ چېكىندى. شۇڭلاشقا ئۇ ھىندى دەرياسىدىن تارتىپ پاروپامىسىيۇس (Paropamisius) قىچە بولغان جايلاردىن ۋاز كېچىپ، سۈلھ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 301 - يىلى سېلېۋكۇس ئاسىيادىكى ماكېدونىيىگە قاراشلىق ھەممە جايلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سېلېۋكۇس خاندانلىقىنى قۇردى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 50 يىل ئىچىدە، باكتىرىيە توغرىسىدا ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان ئىدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 256 - يىلىغا كەلگەندە، ئانتىئوكۇس II (Antiocos) دەۋرىدە، باكتىرىيە ھاكىمى دىئودوتۇس (Diodotus) سېلېۋكۇس خاندانلىقىدىن يۈز ئۆرۈپ، باكتىرىيە دۆلىتىنى قۇردى. ئەمما بۇ جاي يەنىلا گىرېكلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دىگۇدەكلا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 248 - يىلى باكتىرىيىنىڭ غەربىي خوشنىسى ئارساك گىرېكلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئارساكلارنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇردى.

شەك - شۈبھىسىزكى، ئارساكلار ئىران ئىرقىغا مەنسۇپ ئىدى. بۇ چاغدا مۇشۇ دۆلەتنىڭ ئارساكېس (Arsakes) دىگەن بىر ئادىمى دۆلەتتىن قوغلىۋېتىلگەن بولۇپ، ئوكسۇس دەرياسى (ئىرانچە ۋاسكا، ئەرەپچە جەيخۇن دىيىلگەن ھازىرقى ئامۇ دەرياسى — مۇھەررىردىن) بويىدىكى ئۆز قەۋمىدىن بولغان داھايى (Dahae) لارغا قوشۇلۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئارساك زىمىنىدىكى گىرېكلارنىڭ زالىم

ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇغ كۆتۈرۈپ چىقىپ، كېيىنچە ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كەلدى. ھاكىمنى ئۆلتۈرۈپ، ئارساكېس خاندانلىقىنى قۇردى. ئارساكېس خاندانلىقى بولسا ھازىرقى تېجەند ياكى ئاترېك دەرياسىنىڭ ئوكسۇس ۋادىسىغا توغرا كېلىدىغان جايلارنى تايانچ بازا قىلغان، خەن سۇلالىسى تارىخىدا ئارساك (安息) دۆلىتى دېيىلگەن جاينىڭ دەل ئۆزى.

ئەمدى شۇنىڭدىن كېيىنكى باكترىيە دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلىمىز. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 245-يىلى دىئودوتۇس II تەختكە ئولتۇرغان ئىدى، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 230-يىلى يۇتىدېمۇس (Eutydemus) دېگەن كىشى ئۇنىڭ تەختىنى تارتىۋالدى. يەنە بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 223-يىلغا كەلگەندە، سېلېۋكۇس سۇلالىسىدىن ئانتىئوكۇس III تەختكە ئولتۇرۇپ، ئارساك پادىشاسى ئارتابانۇس (Artabanus) نى بويسۇندۇردى ۋە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 209-يىلى باكترىيىنى بويسۇندۇرۇپ، يۇتىدېمۇس قوشۇنىنى تارمار قىلدى. بۇ چاغدا باكترىيە ياكسارتىس (سەيخۇن، ھازىرقى نارىن — مۇھەررىردىن) دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدىكى ئىسكىت كۆچمەن چارۋىچىلىرىنى ياردەمگە چاقىرىش ئارقىلىق ئانتىئوكۇس III كە تەھدىت سالدى، يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، باكترىيە شەرقتىكى گىرېتسىيە كۈچلىرىنىڭ ئالدىنقى مۇداپىئە قىسمى (تۇرشاۋۇلى) ئىدى، بۇ جاي ئەگەر ئۇلار ئېيتقان ۋارۋارلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدىغان بولسا، گىرېكلارنىڭ تەسىر كۈچىمۇ تۈگىشەتتى. شۇڭا ئانتىئوكۇس III بارا-بارا يۇتىدېمۇس بىلەن سۈلھى شەرت-



نامىسى ئىمزالاپ، ئۇنىڭ باكترىيىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە لەشكەر تارتىپ ھىندىستانغا كىردى.

باكترىيە پادىشاسى يۇتىدېمۇسنىڭ ھوقۇق كۈچىنىڭ قەيەرگىچە بېرىپ يەتكەنلىكى ئايدىڭ ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ پۇلىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇ باكترىيە ۋە سوغدى رايونلىرىنىلا ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ھوقۇق كۈچى جەنۇپقا كېڭىيىپ ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىغىچە يېتىپ بارغان. يۇتىدېمۇستىن كېيىن، مەشھۇر دېمېترىئۇس (Demetrius) مىلادىدىن ئىلگىرىكى 190-يىلى تەختكە چىققان. بۇ پادىشا ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ شىمالىي ھىندىستاننىڭ كابۇلدىن پەنجاپقىچە بولغان كۆپىنچە قىسمىنى ئىشغال قىلغان. سترابون① گىرېكلارنىڭ باكترىيىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى ۋە گۈزەل ئورنىدىن پايدىلىنىپ، ئارىيانا ۋە ھىندىستاندىكى نۇرغۇن جايلارنىڭ خوجىسى بولىۋالغانلىقىنىمۇ بايان قىلدۇ. بۇنىڭدا، تۆھپىنىڭ بىر قىسمى مېناندېر (Menander) غا مەنسۇپ بولۇشى، يەنە بىر قىسمى دېمېترىئۇسقا مەنسۇپ بولۇشى لازىم. مېناندېر دېيىلگىنى بارى تىلىدا يېزىلغان بۇددا نوملىرىدىكى مىلىندا (Milinda) نى ۋە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددا نوملىرىدىكى مىلەنتو (弥兰陀) نى كۆرسىتىدۇ.

گىرېكلارنىڭ تەسىر كۈچى جەنۇپتا ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئېشىپ ئۆتۈپ كابۇل دەرياسى ۋادىسىغىچە يېتىپ بارغان ۋە شۇ يەردە داۋاملىق ساقلىنىپ قالغان.

① «جۇغراپىيە» X. I. C. XII.

شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ئازدۇر-كۆپتۇر بولسىمۇ ھىندىستانغا كۆچۈشى ئۈچۈن ئاساس سالغان دېمېترىيۇس دەۋرى باشلانغان. بايا تىلغا ئېلىنغان ئالېكساندىر، سېلېۋكۇس، ئانتىئوكۇس قاتارلىقلارمۇ ھىندىستانغا بېسىپ كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما بىر مەھەل ئىشغال قىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يۇنان مەدەنىيىتىنى ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالمىغان. بۇ جەھەتتە دېمېترىيۇسنىڭ ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ جەنۇبىنى ئىدارە قىلغانلىقى ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كەڭ رايونلارنى باكترىيە ئىدارە قىلغان تازا گۈللىنىش دەۋرى بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭ پايتەختى باكترا (Bactra) شەھىرى تازا ئاۋاتلاشقان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 174-يىلى، دېمېترىيۇس ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ جەنۇبىنى ئىدارە قىلىۋاتقان چاغدا، يۇكراتىدېس پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باكترىيىدە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ تەختكە چىقىۋالغان ۋە دېمېترىيۇس بىلەن ئۇزاققىچە تالاش-تارتىش جېڭى قىلغان. بۇ ئۇرۇش دېمېترىيۇسنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشقان (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 160-يىلى يۇكراتىدېس ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ياكى تەختتىن چۈشۈرۈۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن). ئەمما يۇكراتىدېس دېمېترىيۇس ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 156-يىلى ئۆزىنىڭ ئوغلى ئاپوللودوتۇس (Apollodotus) تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئاپوللودوتۇسمۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆز ئىنىسى خېلىوكلېس (Heliocles) تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. خېلىوك-



لېس گىرېكلار قۇرغان باكترىيە دۆلىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاسىدۇر.

تارىخىي ماتېرىياللار كەم بولغاچقا، سوغدىيانانىڭ شۇ مەزگىلدىكى ئەھۋالى ئېنىق ئەمەس. باكترىيە دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلدىكى پادىشالىقلار دەۋرىدە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى سوغدىياناغا يېتىپ بارالمىغان. ھالبۇكى ياكسارتىس دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى كۆچمەن چارۋىچى ئىرقلار تەسىر كۈچىنى پەيدىن-پەي بۇ جايلارغىچە كېڭەيتكەن.

باكترىيە يۇقۇرىدىكىدەك مالىمانچىلىقتا تۇرغان چاغدا، ئۇنىڭ غەربىي قوشنىسى ئارساك پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ راۋاجلىنىۋالدى. ئارساكېس I تەختكە چىقىپ ئاران ئىككى يىل ئولتۇرۇپلا جەڭدە ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىنىسى تىرىداتېس (Tiridates) تەختكە چىققاندىن كېيىن باكترىيە پەيدىن-پەي راۋاجلاندى. سېلېۋكۇس خاندانلىقىدىن سېلېۋكۇس II بۇ جايلارغا جازا يۈرۈشى قىلغان بولسىمۇ، تىرىداتېس بىر قىسىم ئىسكىتلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ غەلىبە قىلدى. بۇ غەلىبە ئەمەلىيەتتە ئارساكنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئارساكنىڭ پايتەختىنى گىرېكلار ھېكاتومپىلوس (Hekatompylos) دەپ ئاتايتتى، خەنزۇلار ئۇنى خېكىتاڭبەيلوسى (喝克汤白洛斯) دەپ ئاتايتتى. تىرىداتېس ئۆز پايتەختىنىڭ گىرېتسىيە پوسۇنىدا بولۇشىنى ياختۇرمىغاچقا، پايتەختنى بۇ يەردىن مۇھىم ئورۇن — دارا (Dara) شەھىرىگە يۆتكىمەكچى بولدى. بۇ ھال ئۇنىڭ گىرېك مەدەنىيىتىنى قوغلاپ چىقىرىپ ئارساك مەدەنىيىتىنى

جارى قىلدۇرۇش روھىنى ئىپادىلەيدۇ.

يەنە ئۈچ پادىشا ئۆتتى، يەنى مەشھۇر پادىشا مىترىدات (Mithridates) مىلادىدىن ئىلگىرىكى 174 - يىلدىن 136 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇردى. بۇ چاغ ئارساك دۆلىتىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرى بولدى. ئۇ شەرقتە ھىندىقۇش تاغلىرىدىن تارتىپ ھىندى دەريا ۋادىسىغىچە، غەربتە ئېفرات دەرياسىغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. بۇ ۋەقە يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، باكترىيە دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئىچكى جەھەتتىن قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكى ۋە سېلېۋكېس خاندانلىقىنىڭ غەربتە كۆپلەپ يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەر بىلەنلا بولۇپ كېتىپ شەرقتە چولىسى تەگمىگەنلىكى ئۈچۈن يۈز بەردى.

مىترىداتتىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى پراداتېس I (Phradates) تەختكە ئولتۇردى، ئۇمۇ سېلېۋكېس خاندانلىقى بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇنى بەربات قىلدى. ئەمما ئۇ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئىسكىت قەبىلىدىكىلەرنى چاقىرىپ كېلىپ ئۆزىگە بالا - قازا تېپىۋالدى ۋە ئىسكىتلەر بىلەن بولغان جەڭدە يېڭىلىپ ھالاك بولدى. ئىسكىتلەرنىڭ باتۇرلۇقىدىن پايدىلىنىش ئارساك خاندانلىقىنىڭ روناق تېپىشىدىكى ئادىتى ئىدى. ئارساك خاندانلىقىلا شۇنداق قىلىپ قالماي، باكترىيەمۇ جىددى پەيتلەردە ئۇلارنىڭ ياردىمىگە تايىناتتى. كېيىن بۇنىڭدەك ئىشلار تارىختا كۆپ قېتىم يۈز بەردى. بۇ دەل جۇڭگولۇقلار بىلەن سەددىچىننىڭ شىمالىدىكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايتتى. دېمەك، ئاسىيادىكى راۋاجلانغان مىللەتلەر بىلەن راۋاج تاپمىغان



مىللەتلەرنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى قەدىمدىن تارتىپ دائىم كۆرۈلۈپ تۇرغان ھادىسە ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، يېڭى پادىشا ئارتا بانۇس I تەختكە ئولتۇردى، بۇ پادىشامۇ ئىسكىت قەبىلىسىدىكى توخارلار (Tochari) بىلەن بولغان جەڭدە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 124 - يىلى ئۆلدى.

بۇ يەردە ئېيتىلغان توخار مىللىتى باشقا بىرسى بولماستىن، سترابون① خاتىرىسىدىكى ئىسكىتلەر ئىچىدە ئەڭ داڭلىق بولغان، باكترىيىنى تارتىۋالغان ئاسىيونى، پاسيانوي، ساكارا ئۆلوي قاتارلىق ياكسارتىس دەرياسىنىڭ ئۇ قىرغىقىدىن كەلگەن تۆت قەبىلە ئىچىدىكى توخارلار ئىدى. بۇ ئىسكىت قەبىلىلىرى بارا - بارا جەنۇپقا يۈرۈش قىلىپ، باكترىيىنى تارتىۋالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى گرىكلارنىڭ تەسىر كۈچى (يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئەڭ ئاخىرقى پادىشا خېلوكلېس) ئىلاجسىز ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا چېكىنگەن ئىدى.

باكترىيىدىكى گرىكلار ئەمىلىيەتتە، دېمېترىۇس ۋە يۇكراتىدېسلاردىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا، بولۇپمۇ گانداراغا كۆچتى، شۇنىڭ بىلەن، باكترىيە پەيدىن - پەي ئاجىزلاشتى. قىسقىسى، ئالېكساندىر شەرقتە تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىنكى 200 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، ئىران مەدەنىيىتىنىڭ ماكانى باكترىيىنى ئىگەللىۋالغان گرىكلار ئاخىرقى ھېسابتا بۇ جايدىن قوغلاپ چىقىرىلدى.

① سترابون: «جۇغراپىيە» VIII، C، XI

بەشىنچى باپ

# مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى

جۇڭگونىڭ يىن-جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپلا هون ئېرقىدىكى مىللەتلەر هازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى ئىگەللىگەن ۋە خەنزۇ مىللىتى بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىغان. هونلارنىڭ غەربىدە، هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىگە تەۋە جايلاردا، بولۇپمۇ گەنسۇ ئۆلكىسى-نىڭ غەربىدىكى دۇنخۇاڭ دىگەن جايدا، ئالىقاچاندىن باشلاپ (تەخمىنەن، يىغىلىق دەۋرىدە بولسا كېرەك)، ياۋچىلار ياشاپ كەلگەن. كېيىنچە ياۋچىلارنىڭ تەسىر دا-ئىرىسى پەيدىن-پەي كېڭەيگەن. «تارىخنامە». «خەننامە» لەردە خاتىرىلىنىشىچە، خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ياۋچىلارنىڭ شەرقىي چېگرىسى هازىرقى گەنجۇنىڭ جەنۇبىدىكى چىلەنشەن (تىلەنتاغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ — مۇهەررىردىن) تاغلىرىغىچە كېڭىيىپ، خېشى (خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربى دىگەن مەنىدە — مۇهەررىردىن) ئەتراپىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ چاغدا هونلاردىن مۇدۇن (باتۇر) تەڭرىقۇت مەيدانغا چىقىپ، هەممە يەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ۋە ياۋچىلارغا قاتتىق زەربە بەرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى قايۇق روشات تەڭرىقۇت زامانىسىغا كەلگەندە ياۋچىلار قاتتىق ۋەيران قىلىنغان ۋە ئۇلارنىڭ خانى ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن، خېشى رايونىنى تاشلاپ هازىرقى ئىلى رايونىغا قېچىپ بېرىۋالغان ۋە ئۇ يەردىكى



ساكلارنى قوغلىۋېتىپ، ئۆزلىرى ماكانلاشقان. ئەمما يېڭى زىمىنغا ئېرىشكەن ياۋچىلار ئۇزاققا قالماي يەنە هونلار قوللاپ كەلگەن ئۇيسۇنلار تەرىپىدىن تارمار قىلىنىپ، بۇ يەردىن غەرپكە كۆچۈپ كەتكەن ۋە بەدەخشاننى پايتەخت قىلغان باكتىرىيە دۆلىتىنى تارمار قىلىپ ئۆزىگە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا خانلىق ئوردىسى قۇرغان. ساكلار ئاۋال ياۋچىلار تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئىلىدىن چىقىپ جەنۇپتىكى كاسمىرا (گانداراننى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەشمىر) غا كېلىپ، تېخىمۇ تەرەپ-تەرەپكە تارقىلىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئەسلىدە ساكلار ياشاپ كېلىۋاتقان ئىلى رايونىنى ياۋچى-لارنى بىتچىت قىلغان ئۇيسۇنلار يېڭىۋاشتىن ئىگەللىگەن. شۇنداق قىلىپ، گەنسۇ ئۆلكىسىدە ياشايدىغان ياۋچىلارنىڭ هونلارنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچرىشى ئوتتۇرا ئاسىيادىن هىندىس-تانغىچە ئارىلىقتا ياشايدىغان مىللەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشىنى پەيدا قىلغان. بىز بۇ ئەهۋاللارنى جۇڭگونىڭ «تارىخنامە»، «خەننامە» دىگەن تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن بىلدۇق. ئەمما بۇ ۋەقەلەرنىڭ قاچان يۈز بەرگەنلىكى، ئۇنىڭ ستراپون قاتارلىق غەرپلىكلەرنىڭ ئىسكىتلەرنىڭ جەنۇپقا كۆچۈشى هەققىدە يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرىگە ئوخشايدىغان — ئوخشىمايدىغانلىقى ئۈستىدە ئىلگىرىكى ئالىملار نۇرغۇن پىكىرلەرنى بايان قىلدى. ئەمدى ئۆزەم-نىڭ قارىشىمنى تۆۋەندىكىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

ياۋچىلار گەنسۇدىن چىقىپ كەتكەن ۋەقە قايۇمىسى روشات تەڭرىقۇت زامانىسىدا (مىلادىدىن ئىلگىرىكى

174 ـ، 161 ـ يىللار)، بولۇپمۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى
172 ـ يىلدىن كېيىن يۈزبەرگەن (قايسى يىل ئىكەنلىكىنى ئېنىق بەلگىلەشكە مۇمكىن بولمىدى)① بولۇشى، ساك ئېرقىدىكىلەرنىڭ ئىلىدىن چىقىپ كەتكەن ۋاقتىمۇ مۇشۇ ۋاقىتقا يېقىن بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدىن قالسا، ياۋچىلارنىڭ ئىككىنچى قېتىم كۆچكەن يەنى ئىلىدىن غەرپكە كۆچكەن ۋاقتى توغرىسىدا ئېنىق بىرنەرسە دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن جاڭ چيەن ۋۇدى خاننىڭ پەرمانى بىلەن ياۋچىلار يۇرتىغا ماڭغان يىلى يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 139 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ياۋچىلار تېخى ئىلى رايونىدا تۇرۇۋاتاتتى. ئاردىن 10 نەچچە يىل ئۆتۈپ، جاڭ چيەن ئاخىر ياۋچىلار يۇرتىغا يېتىپ كەلگەندە، ياۋچىلار ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئىدى، دېمەك، ياۋچىلارنىڭ كۆچۈشى مۇشۇ 10 يىل ئىچىدە يۈزبەرگەن بولۇشى كېرەك. ئۇيسۇنلارنىڭ ئىلىنى ئىگىلىشى بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ۋەقە بولۇشى كېرەك.

«تارىخنامە»دە ئېيتىلغان بەدەخشاننى پايتەخت قىلغان باكترىيە دۆلىتى غەرپ خاتىرىلىرىدىكى باكترىيەنى ئارتىۋالغان توخارلار دۆلىتىگە توغرا كېلىشى كېرەك. يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، توخارلار ئارساكىنىڭ ئارتابانۇس خاننى ئولتۇرگەن ۋە ياكسارتىس (سەيخۇن ياكى سىر دەريا، نارىن دەريا ـ مۇھەررىردىن) دەرياسىنىڭ ئۇ قىرغىقىدىن كەلگەن باشقا ئۈچ قەبىلە بىلەن بىرلىكتە جەنۇپقا يۈرۈش قىلىپ، گىرىكلەر قۇرغان باكترىيە

① دوكتور ساڭيۈەن: «جاڭ چيەننىڭ يىراققا سەپەر قىلىشى»، «شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ھەققىدە مۇھاكىمىلەر مەجمۇئەسى» 1901 ـ يىل نەشرى 16 ـ بەت.



دۆلىتىدىكى ئىسكىت قەبىلىلىرىدىن بىرنى يوقاتقان. باكترىيە مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، بۇ يەر توخار نامى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان. رىمنىڭ ئاۋگۇستۇس (Augustus) زامانىسىدىكى تارىخشۇناسى تروگۇس پومپېيۇس (Trogus Pompeius) ۋە 2 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئالىم پتولېمېي (Ptolemyos) قاتارلىقلارمۇ بۇ نامنى تىلغا ئالغان. بۇ قەبىلە باكترىيەنى باشقا ئۈچ قەبىلە بىلەن بىرلىشىپ مۇنقەرز قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قەبىلە ھەممىدىن كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، كېيىنكى چاغلاردا بۇرۇنقى باكترىيەمۇ ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. دېمەك، ياۋچىلارنىڭ توخارلارغا (باكترىيەگە) تەۋە بولۇپ كېتىشى جاڭ چيەن بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن بولغان. شۇڭا باكترىيەنىڭ مۇنقەرز بولغان ۋاقتىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 129 ـ ياكى 128 ـ يىلىدىن ئىلگىرى يەنى تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 140 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ①.

## ئالتىنچى باپ

# خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلىشى

ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى سىياسى ئالاقە خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشالىرىدىن ۋۇدى خان

①«ئىراننىڭ يەر ناملىرى ھەققىدە مۇھاكىمە» (Erānsahr) ج. ماركۋارت (J.Marguart) نەشرى. 1901 ـ يىل نەشرى، 207 ـ بەت.

(مىلادىدىن ئىلگىرىكى 140 - 80 - يىللار) زامانىسىدا باشلانغان. ھۇن تەڭرىقۇتى مودۇن (باتۇر) خان خەن سۇلالىسى پادىشالىرىدىن گاۋزۇخانغا زوراۋانلىق قىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپلا، خەن سۇلالىسى ھۇنلارغا ھەمىشە قۇدىلىشىش سىياسىتىنى قوللانغان. خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشالىرىدىن ۋۇدى خان زامانىسىغا كەلگەندە، ئۇ ھۇنلار بىلەن قۇدىلىشىش سىياسىتىنى ھۇنلارنى يوقىتىش سىياسىتىگە ئۆزگەرتكەن. شۇنىڭ بىلەن، ھۇنلارغا ئاداۋەت ساقلاپ كېلىۋاتقان ياۋچىلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزمەكچى بولغان. جاڭ چيەن دەل مۇشۇ مەقسەت بىلەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارغان. جاڭ چيەن گەرچە بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالمىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، خەن سۇلالىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر بىلەن ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلغان ۋە رەسمىي ئالاقە قىلىشقا كىرىشكەن.

ۋۇدى خاننىڭ يۈەنشو 7 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 122 - يىلى) سانغۇن خوچۈيبىڭنىڭ ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ گەنجۇ دېگەن يېرىگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇ يەردىكى ھۇن قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى خەن سۇلالىسىگە تەسلىم قىلغان، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتقا ئۆتىدىغان بوغۇزى خەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن. خەن سۇلالىسى ئاۋال بۇ يەردىكى سۇجۇدا جيۇچۈەن ۋىلايىتى تەسىس قىلىپ، سەددىچىننىڭ شەرقىدىكى خەلقنى بۇيەرگە كۆچۈرگەن. ئاندىن ۋۇۋېي (لياڭجۇ)، جاڭيې (گەنجۇ)، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلارنى



بىرلەشتۈرۈپ 4 ۋىلايەت تەسىس قىلىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچىنى مۇشۇ يەرلەرگىچە كېڭەيتكەن. يەنە بىر جەھەتتىن، شەنشى، سەنشى تەرەپلەردە ھۇنلارنى قىستاپ، يۈەنشو 4 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 119 - يىلى) ئۇلارنى پۈتۈنلەي قۇملۇق چۆلنىڭ شىمالىغا قوغلىۋەتكەن، ئەمما ۋۇدى خان بۇنىڭغىمۇ قانائەتلەنمەي، ھۇنلارنى يوقاتماقچى بولغان. ئارقىدىنلا يەنە جاڭ چيەننى ئۇيسۇنلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش ئارقىلىق ھۇنلارغا شەرق ۋە غەربتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئورۇنلىماقچى بولغان. بۇ قېتىمقى ئىتتىپاق تۈزۈش پىلانى ياۋچىلارغا ئەلچى ئەۋەتكەن چاغدىكىدەكلا ئورۇنلانمىغان بولسىمۇ، لېكىن جاڭ چيەن بىللە خەن خاندانلىقىغا كەلگەن ئۇيسۇن ئەلچىسى ۋەتىنىگە قايتقىنىدىن كېيىن، خەن خاندانلىقىنىڭ قۇدرەتلىك ۋە باياشات ئىكەنلىكىنى قالتىس ماختىغان، ئۇيسۇن خانى خەن مەلىكىسىنى ئۆزىگە لايىق كۆرۈپ تەكلىپ قىلغان، كېيىن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا بىرلىشىش كېلىشىمى تۈزۈلگەن.

جاڭ چيەن ئۇيسۇنغا ئەلچىلىككە بارغىنىدا، پەركان، كانگىيە (سوغدىيانا)، ياۋچى ۋە باكتىرىيە قاتارلىق ئەللەرگە ئۆزىنىڭ ئورۇنباسار ئەلچىلىرىنى ئەۋەتكەن. پەركان ھازىرقى فەرغانە ( Fergana ) دېگەن جايغا توغرا كېلىدۇ. كانگىيەنىڭ تەسىر كۈچى چۇ دەرياسىدىن سەمەرقەنت ئەتراپىغىچە كېڭەيگەن بولۇشى كېرەك. بۇ ئەلچىلەر ھەرقايسى ئەللەردىن ئادەم ئەگەشتۈرۈپ قايتىپ كېلىپ، غەرب ئەللىرىنىڭ خەن خاندانلىقىنى چۈشىنىشىگە

پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن ۋە ئۇلاردا خەن سۇلالىسىغا يېقىنلىشىش ئۈمىدىنى ئويغاتقان.

خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مۇشۇنداق كۈنساناپ قويۇقلىشىۋاتقاندا، ۋۇدى خان فەرغانىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، خەن سۇلالىسىنى غەرپكە يەنە بىر قېتىم تونۇتتى. خەن سۇلالىسىنىڭ خېشى رايونىغا (خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدىكى رايونغا — مۇھەررىردىن) يۈرۈش قىلىشى ئەسلىدە غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. جاڭ چيەننى غەرپكە ئەلچىلىككە ئەۋەتىشتىكى ئاساسىي مەقسىدىمۇ كېيىنكى زامانلاردا ئۆتكەن جاھانكەشتىلەر ئېيتقاندەك، "ھونلارنىڭ ئوڭ قولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ كۈچىنى تىزگىنلەش" ئىدى. ۋۇدى خان غەرپتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى بارا-بارا ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا يەنە غەرپنىڭ ئېسىل نەرسىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش ئىستىكى پەيدا بولدى. غەرپنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە فەرغانە ئاتلىرى ۋۇدى خاننىڭ شۆلگەيلىرىنى نەچچە غۇلاچ ئېقىتتى. فەرغانە ۋە كانگىيلەردىن ئات چىقىدىغانلىقى ھەققىدە ھېرودوتنىڭ خاتىرىلىرىدىن خېلى ئىلگىرىلا خەۋەر تاپقان ۋۇدى خان، ئاتنى قولغا چۈشۈرۈش مەقسىدىدە ھەدەپ ئەلچى ئەۋەتكىلى تۇردى. ئۇنىڭ بۇ ھەركىتىدىن بىزار بولغان فەرغانىلىقلار ئەلچىلەرنىڭ ئۆكتەملىكىگە چىداپ تۇرالماي ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ۋۇدى خان يولنىڭ مۈشكۈللۈكىگە قارىماي، ئەسكەر چىقىرىپ فەرغانىگە يۈرۈش قىلدى. تەيچۇ 4-يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى



101-يىلى) فەرغانىلىقلارنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىغاندىن كېيىن، لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، خەن سۇلالىسىنىڭ ھەيۋىسى يىراق-يېقىندىكى جايلارنىڭ ھەممىسىگە نامايەن بولدى. بۇ چاغدا قاراپ بېقىش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۇيسۇنلار بىلەن كانگىيلەرمۇ ھونلاردىن قورقماي خەن سۇلالىسى بىلەن ئەپ بولۇۋالدى. ئەمما غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەردىن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنىڭ شەرقىدە جايلاشقان يەرلەر ھونلارنىڭ ئىلكىدە بولغاچقا، خەن سۇلالىسىنىڭ غەرپ بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىشىغا توسالغۇ بولدى. جاۋدى خان دەۋرىگە كەلگەندە بۇ جايلاردا يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ لەشكەرلىرى يولۇچىلارنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئۇلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈنلا بۇ يەردە تۇراتتى. ئەمما خەن سۇلالىسى ھەيۋىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا تونۇلۇشى شۈەندى خاننىڭ شېنجۆي 2-يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60-يىلى) غا يەنى جىڭجى غەربىي يۇرتنىڭ تۇتۇق ھىراۋۇللۇقىغا تەيىنلەنگەن ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا ھونلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى كۈچى ئاجىزلاپ كەتكەچكە، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلار خەن سۇلالىسىغا ئەل بولغان، خەن سۇلالىسى بۇ جەھەتتە ھونلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىمايدىغان بولغان.

تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا يەنى تارمەنىدىكى غەربىي يۇرتتا، ئەينى زاماندا 36 بەگلىك بار بولۇپ، كېيىنچە ئۇلار 50 نەچچە بەگلىككە بۆلۈنۈپ كەتكەن.

بەگلىك دېيىلىشۋاتقان بۇ يەرلەر شەھەرنى مەركەز قىلغان كىچىك - كىچىك جايلاردىنلا ئىبارەت ئىدى. ئۇلار ئىچىدە بۇ بەگلىكلەرنى بىرلىككە كەلتۈرەلىگۈدەك كۈچ يوق ئىدى. ئۇلار ئايرىم - ئايرىم هالدا هونلارغا ياكى خەن سۇلالىسىغا بېقىناتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى مەيلى تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى شىمالىي يول بەگلىكلىرىگە بېرىشتا بولسۇن ياكى قاراقۇرۇم (كۇئنلۇن) تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى جەنۇبىي يول بەگلىكلىرىگە بېرىشتا بولسۇن ئوخشاشلا بېسىپ ئۆتىدىغان رولان (هازىرقى لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىدا)، خەن پادىشالىرىدىن ۋۇدى خان زامانىسىدا پىششامشان دەپ ئاتالغان كېيىنكى پىچان — مۇھەررىردىن) ئەڭ مەشهۇر بولۇپ، خەن سۇلالىسىغا يېقىن ئىدى. شىمالىي يول ئۈستىدە ئالدى قاڭقىل ئۇردىسى (هازىرقى تۇرپانىنىڭ يېنىدا)، چالىش (قارا شەھەر)، كۇسەن (كۇچا)، قۇمباش (ئاقسۇ)، ئونسۇ (ئۇچتۇرپان)، سۇلى — سۇلۇق (قەشقەر) لەر؛ جەنۇبىي يول ئۈستىدە ئۇدۇن (خوتەن)، ياركەنت (يارچاڭ) قاتارلىق جايلار بار ئىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تۇتۇق ھىراۋۇلى كۇسەنىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى ئوردا شەھىرى (بوگور) دە تۇرۇپ، يۇقۇرقى بەگلىكلەرنى باشقۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيسۇن، كانگىيە قاتارلىق چەتئەللەرنىمۇ نازارەت قىلاتتى. يۇقۇرقى ئەللەرنى باشقۇرىدىغان تۇتۇق ھىراۋۇل سىياسى جەھەتتە هونلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ مۇشۇ جايلارغا كېلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشنى، غەرپ ئەللىرى بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ۋە سودىنىڭ



بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى ئاساسىي مەقسەت قىلاتتى. بۇ جايلاردىن ھەددىدىن كۆپ باج - سېلىق ئېلىشتەك ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قوغلاشمايتتى، شۇنىڭدەك بۇ يەرلەرنىڭ ئەمەلىي سىياسىتىغىمۇ كۆپ ئارىلاشمايتتى. بۇ، هونلارنىڭ ئېغىر باج - سېلىقلىرىغا ۋە قاقتى - سوقتىلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، مۇشۇ بەگلىكلەرنىڭ مەنپەئەتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى. شۇڭا غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر خەن سۇلالىسىغا بېقىنىشنى ھەمىشە ئارزۇ قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ تۇتۇق ھىراۋۇللۇقىنى تۇنجى قېتىم ئۈستىگە ئالغان جېڭ جىدىن باشلاپ، 18 - تۇتۇق ھىراۋۇلغىچە ئارىلىقتا خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى غەربىي يۇرتتا يۈرگۈزۈلۈپ كەلگەن. كېيىن ۋاڭ ماڭ تەختنى تارتىۋېلىپ غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنى خورلاشقا باشلىغان چاغدىلا، بۇ بەگلىكلەردىن خەن سۇلالىسىغا ئىشەنمەيدىغان بەزى بەگلىكلەردە تۇتۇق ھىراۋۇلدىن يۈز ئۆرۈپ هونلارغا ئۆزىنى ئاتىدىغان ئەھۋال كۆرۈلدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي خەن سۇلالىسى يېڭىۋاشتىن باش كۆتەردى، ئاۋال ئىشىكنى تاقىۋېلىپ غەرپ بىلەن بېرىش - كېلىشنى بىردىنلا توختىتىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. بۇ چاغدا غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر بىر بىرى بىلەن ئۇرۇشقىلى تۇردى، هونلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە بۇ جايلارغا كېلىشكە باشلىدى. مىڭدى خان زامانىسىغا كەلگەندە، خەن سۇلالىسى هونلارغا جازا يۈرۈشى قىلىش بىلەن بىللە، غەربىي يۇرتنى تەسەررۇپ قىلىشنىمۇ باشلىۋەتتى. پۈتۈن ھاياتىنى مۇشۇ ئىشقا

بېغىشلىغان بەن چاۋ خېدى خاننىڭ يۇڭيۇەن 3-يىلى (مىلادى 91-يىلى) ئاساسىي جەھەتتىن مەقسىتىگە يېتىپ، كۇچادىكى تۇتۇق ھىراۋۇللۇق ئورنىغا ئولتۇردى. ئەمما شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى تەسەررۇپ قىلىشتا تۇراقلىق فاكچىنى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتكۈل شەرقىي خەن سۇلالىسىدا "3 نى ئۈتكۈزۈش، 3 نى توسۇش" دەيدىغان بىر ئىش بولدى، خۇەندى خاننىڭ يۇەنجىيا 2-يىلى (مىلادى 126-يىلى) دىن كېيىن، خەن سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچى غەربىي يۇرتتا يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى.

يەتتىنچى باپ

# كوشان خانلىقى

ياۋچىلار گەنسۇدىن غەرپكە كۆچكەندە، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى جەنۇبىي تاغدا① قېپقالغان. جۇڭگونىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا، ياۋچىلارنىڭ غەرپكە كۆچكەنلىرى ئۇلۇغ ياۋچىلار (大月氏)، جەنۇبىي تاغدا قېپقالغانلىرى كىچىك ياۋچىلار، دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ باكتىرىيەنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىنكى تەرەققىيات ئەھۋالى ھەققىدە ئاسا-

① «خەننامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»دە كۆرسىتىلىشچە، جەنۇبىي تاغ — چىلەنشەن تاغلىرى، تەگرى تاغلىرى، قاراقۇرۇم تاغلىرىنى كۆرسىتىدۇ، سۈڭ دەۋرىدىكى خاتىرىلەردە، قاراشەھەر — ياۋچىلار دۆلىتى، دېيىلگەن، «ۋېينامە»دە، گانىدارا — ياۋچىلارنىڭ يېرى، دېيىلگەن. شۇڭا بۇنى داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ — ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن.



سلىقى «تارىخنامە»، «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە» قاتارلىق كىتابلاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىمىز. ئەمما بۇ كىتابلاردىكى خاتىرىلەر بىر بىرىدىن خېلىلا پەرقلىنىدۇ. شۇڭا بۇ كىتابلاردىكى خاتىرىلەر ئۈستىدە تەپسىلىي مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ قايسىسىنى ئېلىش، قايسىسىنى رەت قىلىش ئۈستىدە بىر قارارغا كېلىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۆزەمنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى تەتقىقات جەريانلىرىمنى تىلغا ئالماي، پەقەت خۇلاسەمنىلا ئوتتۇرىغا قويىمەن.

ئۇلۇغ ياۋچىلارغا ئەل بولغان باكتىرىيەنىڭ يەنى توخارلارنىڭ دەرىجىسى 5 سانغۇنغا تەڭ كېلىدىغان 5 يابغۇسى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا زېمىنى بولۇپ، ھەممىسى ئۇلۇغ ياۋچىلارغا قارايتتى. ئۇلارغا قاراشلىق جايلار ۋاخان، چانمىر (双靡)، كوشان، پارۋان (大月氏)، كابۇللاردىن ئىبارەت ئىدى. كوشان يابغۇسى كۇجۇلا كادفىسى ئۆز دەۋرىدە باشقا 4 يابغۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى كوشانخان دەپ ئاتاپ، ئارساكنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەگلىكلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. ئۇنىڭ ئوغلى ۋىما كادفىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ يەنە ھىندۇنى يوقىتىپ تېخىمۇ قۇدرەت تاپقان. بۇ، توخار مىللىتى قۇرغان كوشان خاندانلىقى — غەرپنىڭ خاتىرىلىرىدىكى Kushan خاندانلىقى ئىدى. ئاتاقلىق پادىشا كانىشكا مۇشۇ خاندانلىقتىن چىققان ئادەم ئىدى. جۇڭگولۇقلارمۇ بۇ خاندانلىقنى ئۇلۇغ ياۋچىلار دەپ ئاتاشتا ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ باكتىرىيەنى بويسۇندۇرغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاچقا، باكتىرىيانلارنىڭ خاندانلىقىنى مۇشۇ نام بىلەن ئاتاش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنى ئۇلۇغ ياۋ-

چىلار ① دەپ ئاتاشقا بولمايدىغانلىغى خەنزۇلارغىمۇ ئايان. كوشان يابغۇسىغا قارايدىغان يەر پامىر ئېتىگىدىن باكترىيەگىچە سوزۇلغان قاتناش يولى ئەتراپىدىكى ۋاخان جىلغىسى ئىدى. تەخمىنەن كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، كۇجۇلا كادپىسې (يەنى كوشان خاندانلىغىدىكى Kujula Kadphiese) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ۋىما كادپىسې (يەنى Wema Kadphises) دېگەن ئىككى خان بارلىققا كېلىپ، ئۇلار بارا-بارا ۋاخاننىڭ غەربىدىن تاكى باكترىيەنىڭ، ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى باشقا 4 يابغۇنىڭ زېمىنلىرىغىچە سوزۇلغان كەڭ ئارىلىقنى ئىگىلىگەن قۇدرەتلىك تەسىر كۈچكە ئايلانغان. ئۇلارنىڭ ئىشىغا مەشھۇر كانىشكاخان ۋارىسلىق قىلغان. گەنسۇدىن غەربكە كۆچكەن ياۋچىلار (يەنى ئۇلۇغ ياۋچىلار)نىڭ باكترىيە ياكى كوشان خاندانلىغى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن تارىخىي ماتېرىياللارغا قاراپ ئېنىق بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. «خەننامە» دە، ئۇلۇغ ياۋچىلار باكترىيەنىڭ پايتەختى باگلان (باكترا) نى پايتەخت قىلغان دېيىلگەن، ئەمما بۇ تازا ئىشەنچلىك ئەمەس. ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ بەزىسى توخارلارغا ئارىلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى سوغدىيانادا تۇرۇپ قالغان. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، سوغدىيانا خانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

كوشان خاندانلىغى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋر ھەققىدە تالاش-تارتىش ناھايىتى كۆپ، كۇجۇلا كادپىسې ۋە ۋىما كادپىسېلارنىڭ پائالىيەتلىرى بەلكىم كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىشلار بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى خان كانىشكا تەخمىنەن مىلادى 2 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆتكەن كىشى بولۇشى كېرەك.

كوشان خاندانلىغىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا قانچىلىك كېڭەيتكەنلىگى ناھايىتى قاراڭغۇ. ئەمما بەن چاۋ تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىنى ئىدارە قىلىۋاتقان چاغدا، كوشان خاندانلىغى خەن سۇلالىسىنىڭ قاڭقىللارغا جازا يۈرۈشى قىلىشىغا ياردەملەشكەن، يۇڭيۇەن 2 - يىلى (مىلادى 90 - يىلى) يەنە نۇرغۇن ئەسكەر چىقىرىپ بەن چاۋغا ھۇجۇم قىلغان، ئەمما مەغلۇپ بولغان. كېيىن خەن سۇلالىسى بىلەن ئەپلىشىۋالغان. بۇ، بەلكىم يۇقۇرىدا ئېيتىلغان كۇجۇلا كادپىسې ۋە ۋىما كادپىسېلار دەۋرىدىكى ئىش بولۇشى مۇمكىن. بۇ چاغدا قاڭقىللار ۋە ئۇيسۇنلار ئەسلى ئورنىدا قۇدرەت بىلەن تۇرغانلىقتىن، كوشان خاندانلىغىنىڭ تەسىر كۈچى شىمالدا ئاساسەن ئامۇ دەرياسى بويى بىلەنلا چەكلەنگەن. ئۇنىڭ بەن چاۋ بىلەن ئۇچرىشىشى پامىرنىڭ غەربىي ياكى جەنۇبىدا قاراۋۇللۇق قىلغاندەك بىر ئىش. بەن چاۋنىڭ جەنۇپتا پامىردىن ئۆتۈپ ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدىكى جايلارغا كەلگەنلىگى ئۇنىڭ بۇ جايلارنى ئىگەللەپ تۇرغان كوشانلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ھەركىتى بولۇشى كېرەك. كىنىشكاخان دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچى بارا-بارا پامىردىن ھالقىپ تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغىچە كېڭەيگەن.

---

① كەمىنەنىڭ ئەسىرى: «ئۇلۇغ ياۋچىلار ۋە كوشان» («تارىخشۇناسلىق ژورنىلى»، 41، توپلام، 9 - دەپتەر).

سەككىزىنچى باپ

# ئېفتالىتلار ۋە تۈركلەرنىڭ پائالىيەتلىرى

كوشان خاندانلىقى 5 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا هالاك بولدى. ئۇنىڭ هالاك بولۇشىغا غەربتە پېرسىيەنىڭ ساسانىلار خاندانلىقى (ئارداشىر ئارساك خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، مىلادىنىڭ 226 - يىلى قۇرغان خاندانلىق) نىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغانلىقى، شىمالدا ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى قىرغىقىدىن كەلگەن ئېفتالىت (Eptal) ئېرقىنىڭ جەنۇبقا قىستاپ كەلگەنلىكى سەۋەب بولدى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان ئېفتالىتلار جۇڭگونىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا 悒怛呎哒 دەپ يېزىلغان ئېرقتۇر. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە قۇملۇق چۆلنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل ئېرقلىرىدىن جۇجانلار (蠕蠕) باش كۆتىرىپ چىقىپ، ئۇيسۇنلارنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان ئۆز ماكانى ئىلىدىن قوغلاپ چىقاردى ۋە قۇملۇق چۆلنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ۋېي سۇلالىسى بىلەن نوچىلىق تالاشتى. ئېفتالىتلار بىلەن جۇجانلار بىرلىشىپ، ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى جايلاردا كەڭ پائالىيەت ئېلىپ باردى ۋە سوغدىيانا ئارقىلىق ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، شۇ چاغدا خاراپلىشىۋاتقان كوشان خاندانلىقىغا هۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تەسىر كۈچىنى پېرسىيەگىچە كېڭەيتتى. ئەسلىدە كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلىدىغان



ئېفتالىتلار ئۆزلىرىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئامۇدەريانىڭ جەنۇبىغىچە كېڭەيتىپ، بەدەخشاننى پايتەخت قىلغاندىن كېيىن، بارا - بارا شەهەر هاياتىغا كۆچتى. ئۇلار تازا قۇدرەت تاپقان چاغلىرىدا ئىلى، سوغدى، باكتىرىيە قاتارلىق جايلارنى مەركەز قىلغان توخارىستاندىن هالقىغان هالدا هىندىقۇش تېغىدىن ئۆتۈپ، گاندارا ۋە غەزنە (Gozni) لەرگىچە بولغان جايلارنى تەسەررۇپ قىلدى، تەسىر كۈچىنى غەربتە كاسپىي دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان گۇرگان (Gurgan) دەرياسى ۋادىلىرىغىچە، شەرقتە پامىردىن تارتىپ تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قىسىم جايلارغىچە كېڭەيتتى. شىمالىي سۇلالىلەر ئىچىدىكى ۋېي خاندانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ، ئۇلار 516 - يىلى جەنۇبىي سۇلالىلەر ئىچىدىكى لياڭ خاندانلىقىغا ياخشى ئۆتۈش توغرىلىق ئەلچى ئەۋەتتى. بىر مەهەل قالتىس قۇدرەت تاپقان ئېفتالىتلارمۇ 560 - يىلىغا كەلگەندە، هالاك بولۇش تەقدىرىگە ئۇچرىدى. بۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتىگە كۆپ يىللاردىن بۇيان ئېفتالىتلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغان پېرسىيىنىڭ قايتۇرما هۇجۇمغا ئۆتكەنلىكى ۋە يېڭىدىن باش كۆتەرگەن قۇدرەتلىك تۈركلەرنىڭ هۇجۇم قىلغانلىقى سەۋەب بولدى.

تۈركلەرنىڭ نامى جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن ئېتىۋارەن تارىخ سەهىپىلىرىدە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. جۇڭگولۇقلار شىمالغا كەڭ تارقالغان تۈرك مىللىتىنىڭ بىر قەبىلىسىنى مۇشۇ نام بىلەن ئاتايتتى. بۇ قەبىلىنىڭ بۆشۈگى ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا ئىدى. تۈركلەر ئىلگىرى جۇجانلارغا بېقىناتتى. ئۇلار غەربىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ قۇدرەت تاپتى ۋە 6 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇجانلارنى

يوقاتتى. تۈركلەر شىمالدىكى مىللەتلەر ئىچىدە ئۆز يېزىقىدا ھۆججەت قالدۇرۇپ كەتكەن ئەڭ قەدىمقى مىللەت ئىدى. بىز مۇشۇ ھۆججەتلەردىن ۋە جۇڭگونىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن شۇنى بىلەلەيمىزكى، دولەت قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشىنى ئورۇنلىغان ئاكا - ئۇكا قاغانلار (تۈرك دولىتىنى قۇرغان بۇمەن قاغان ۋە ئىستەمى قاغانلار — ت) شەرق ۋە غەرپ ئىككى يەردە تۇرغان. شەرقتىكىسى تاشقى موڭغۇلىيىنى ئىگىلىگەن؛ غەرپتىكىسى بۇرۇن ئۇيسۇنلار ياشىغان (ئەينى زاماندا ئىفتالىتلار ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان) جايلارنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ، تەڭرى تاغلىرى ئېتىكىدىكى كۆسەننىڭ شىمالىدىكى جىلغىدا پايتەخت قۇرۇپ، بارا - بارا تېخىمۇ كەڭ رايونلارنى باشقۇرغان. غەرپتىكىسى غەربىي تۈركلەر دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئىفتالىتلارنى يوقاتقانلار مۇشۇ غەربىي تۈركلەردۇر.

ئىفتالىتلارنىڭ ھالاك بولۇشى پېرسىيە بىلەن غەربىي تۈرك خاندانلىقى ھەمكارلىشىپ، شەرق ۋە غەرپتىن قىستاپ زەربە بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. كېيىنچە پېرسىيە تۈركلەرنىڭ قۇدرەت تېپىپ ئۆز ئېلىگە كېڭىيىپ كىرىشىدىن قورقۇپ، ئۇلار بىلەن يۈزتۇرانە تۇرۇپ سۆزلىشىشتىن ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ئۆزىنى تارتقان. ئەمما ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىلگىرى تۈرك خاندانلىقىغا قارايدىغان سوغدى دىگەن يەردىكى سودىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ تۈرك خاندانلىقى ۋە پېرسىيە بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاساسىي تۈۋار — يىپەكنىڭ بازىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، پېرسىيىگە بىۋاستە كىرىش ئارزۇسىدا بولغان. تۈركلەر ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىجازەت سورىغىلى پېرسىيىگە ئالاھىدە ئەلچى ئەۋەتكەن. ئەمما پېرسىيە يۇقۇر-



قىدەك ۋەھىمە تۆپەيلىدىن بۇ تەلەپنى قاتتىق رەت قىلغان. نەتىجىدە تۈركلەر ئەينى ۋاقىتتا پېرسىيە بىلەن دۈشمەنلىشىش مەيدانىدا تۇرۇۋاتقان رىم بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقان. 568 - يىلى تۈرك ئەلچىسى كونىستانتىنوپولنى زىيارەت قىلغان. رىمنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسىمۇ تۈركلەرنىڭ ئاستانىسىنى (خان ئوردىسىنى) زىيارەت قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئەلچىلەر كۆپ قېتىم بىر بىرىنىڭ دولەتلىرىگە بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇرغان. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ پېرسىيىگە قارشى تۈزگەن كېلىشىملىرىنىڭ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكى ۋە ئاقىۋەتتە قانداق نەتىجە بەرگەنلىكى نامەلۇم. قىسقىسى، تۈركلەر قۇدرەتلىك كۈچ سۈپىتىدە ۋىزانتىيە تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پادىشا تەيزۇڭخاننىڭ جېڭگۇەن 1 - يىلى① (627 - يىلى) چاڭئەن شەھرىدىن غەرپكە ساياھەتكە چىققان كاتتا بۇددا ئۆلىماسى شۈەن جۇاڭ سەپىرىنىڭ ئىككىنچى يىلى غەربىي تۈرك زېمىنىدىن ئۆتكەندە (بۇ چاغدا تۇن يابغۇ باغا قاغان تەختتە ئىدى)، غەربىي تۈركلەرنىڭ تازا گۈللەنگەن ۋاقتى ئىدى. شۈەن جۇاڭنىڭ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىغا قارىغاندا، ئەينى زاماندىكى غەربىي تۈركلەرنىڭ زېمىنى، سوغدىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ئامۇ دەرياسىنى، شۇنىڭدەك شەرقتە پامىر تاغلىرىغا، غەرپتە پېرسىيىگە، جەنۇپتا ھىندىقۇش تېغىغا، شىمالدا شەھرىسەبزىنىڭ جە-

① شۈەن جۇاڭنىڭ سەپەرگە چىققان ۋاقتى «خەيرى - ئىھسانلىق تەزكىرىسى» ۋە «كاتتا راھىپ تەزكىرىسىنىڭ داۋامى» قاتارلىق خاتىرىلەرگە قارىغاندا، جېڭگۇەن 3 - يىلى (629 - يىلى) بولىدۇ. ئەمما لياڭ چىچاۋنىڭ «جۇڭگو تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى» (مىنگونىڭ 11 - يىلىدىكى. يىللىق ژورنال، 140 -، 144 - بەتلەر) دە، جېڭگۇەن 1 - يىلى، دېيىلگەن. بۇ قاراش مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك بولىسىمۇ، لېكىن ۋاقىتنىچە شۇنىڭغا قوشۇلدۇق.

نۇبىدىكى تۇمۇرقاپقا دەپ ئاتىلىدىغان توخارلار
زىمىنغا تۇتىشىدىغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئال-
غان. ئۇلار پېرسىيىگىمۇ تاجاۋۇز قىلغان (تەسىر دائىرىسىنى
كېيىنچە يەنە كەشمىردىن گانداراغىچە كېڭەيتكەن). تەكرى
تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بەگلىكلەرمۇ شۇلارنىڭ ئىلكىدە بول-
غان. غەربىي تۈركلەر تاڭ سۇلالىسى بىلەن دىپلوماتىك مۇ-
ناسىۋەت ئورناتقان ۋە شەرقىي تۈركلەرگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ
تەدبىرى ئۈستىدە بېشى قاتقان پادىشا گاۋزۇخاندىن ئۇنىڭ
مەلىكىسىگە ئۆيلىنىش ھەققىدە رازىلىق ئالغان.

تۇن يابغۇباغا قاغاندىن كېيىن، غەربىي تۈركلەرنىڭ
كۈچى تەرەققىي قىلالمىغان. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار
شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملارغا بۆلۈنۈپ كېتىپ ئۆزئارا ئۇرۇش
قىلغان. ئەمما تاڭ سۇلالىسى پادىشالىرىدىن گاۋزۇڭخاننىڭ
شيەنچىڭ 2 - يىلى (657 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن
يوقىتىلغانغا قەدەر مەلۇم دەرىجىدە ئۆز كۈچىنى ساقلاپ
قالغان.

توققۇزىنچى باپ

# تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدا-
# رە قىلىشى ۋە ئىسلامىيەت تەسىرىنىڭ
# شەرققە تەدرىجىي سىڭىپ كىرىشى

خەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە
شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە



بولگۇنچىلىك ئەۋج ئالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ يىراقتىكى غەربىي
يۇرتنى خەن دەۋرىدىكىدەك باشقۇرۇشقا ماغدۇرى يەتمىدى.
ئەمما بۇ جەرياندا، مەيلى شىمالنى بىرلىككە كەلتۈرگەن خان-
دانلىق بولسۇن ياكى غەرپكە ئىگىدارچىلىق قىلغان خاندان-
لىق بولسۇن، ھەممىسى ئازدۇر-كۆپتۇر بولسىمۇ مۇشۇنداق
باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللاندى ھەمدە شىمالدىكى مىللەتلەر-
دىن مۇداپىئەلىنىش ۋە شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى
سودا قاتنىشىنى قوغداشتەك ئەنئەنىۋى سىياسەتنى داۋام-
لاشتۇردى. ۋېي پادىشالىقى دەۋرىدە خەن سۇلالىسىنىڭ
ئوتتۇرانچى تىركەك چېرىكچىسى قاراقوجو كوجىدا تۇرغان
(ھازىرقى قاراغوجىنىڭ يېنىدا)، كېيىنكى ۋېي سۇلالىسى دەۋ-
رىگە كەلگەندە مىلادى 460-يىلدىن باشلاپ جۇجانلارنىڭ
قول ئاستىدىكى غانبۇجۇ دىگەن ئادەم بۇ يەردە بىرىنچى
بولۇپ قاراقوجۇ دولىتىنى قۇرغان، كېيىن بۇ دولەت بەگلىك
دەپ ئاتالغان). ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە تەكرى تاغلىرى-
نىڭ جەنۇبىدىكى بەگلىكلەرنىڭ ئەلچىلىرىلا ئەمەس، بەلكى
كوشان خاندانلىقىنىڭ، شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە رىمنىڭ
ئەلچىلىرىمۇ جۇڭگوغا كەلگەن. 16 دولەت دەۋرىدە لياڭجۇنى
ئىگەللىگەن ئالدىنقى لياڭ خاندانلىقى، ئالدىنقى لياڭنى
ئاغدۇرغان ئالدىنقى چىن خاندانلىقى، ئالدىنقى چىننى ئاغ-
دۇرغان كېيىنكى لياڭ خاندانلىقى، كېيىنكى لياڭدىن كېيىن
دۇنخۇاڭنى ئىگەللىگەن غەربىي لياڭ ۋە گەنجۇنى ئىگەللىگەن
شىمالىي لياڭ خاندانلىقلىرىمۇ تەسىر دائىرىسىنى تەكرى
تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا كېڭەيتكەن. كېيىنكى ۋېي خاندانلى-
قى بىرىنچىدىن جۇجانلارنىڭ رەقىبى بولغانلىقى، ئىككىنچىدىن
شىمالنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ قۇدرەت تاپقانلىقى ئۈچۈن،

غەربىي يۇرتنى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن خاندانلىقلاردىنمۇ كەڭ دائىرىدە ئىدارە قىلغان. ۋېي سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاسى تەيۋۇدى دەۋرىدە (437 - يىلى) پەرغانە بىلەن تاشكەنتكە ئەلچى ئەۋەتىپ، بۇ جايدىكى خانلىقلارنى ئۆزىگە تارتقان، يەنە ئەسكەر چىقىرىپ تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى پىچان، قاراقوجۇ، قاڭقىل، قاراشەھەر، كۇسەن قاتارلىق شىمالىي يول بويىدىكى بەگلىكلەرگە جازا يۈرۈشى قىلغان؛ جەنۇبىي يول بويىدىكى خوتەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن دوست بولغان.

سۇي سۇلالىسى بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، پادىشا ياڭدى خان غەرپنى تەسەررۇپ قىلىش ئارزۇسى قوزغىلىپ ھىندى دەرياسىنىڭ غەربىگىچە بېرىپ كۆزدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن تۈركلەر ۋە كورىيەلىكلەرنىڭ كاشىلىسى بىلەن بۇ ئىشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. سۇي سۇلالىسىنىڭ ئورنىغا ئۆتكەن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، غەربىي يۇرتنى تەسەررۇپ قىلىشتا دەۋر بۆلگۈچ تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن، خەنزۇلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۇچۇق نامايەن قىلىنغان.

يۇقۇرىدا ئېيتىلىپ ئۆتكەندەك، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالى غەربىي تۈركلەرنىڭ تايانچ بازىسى ئىدى، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە سوغدى دېگەن جايلارمۇ شۇلارنىڭ قول ئاستىدا ئىدى. شۇڭا ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلىش تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈركلەرنىڭ بۇ يەردە قوراللىق ئېلىشىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. تاڭ سۇلالىسى باش كۆتەرگەن چاغلاردا شەرقىي تۈركلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن



ئىدى، ئەمما خاندانلىق قۇرۇلغاندىن كېيىن بولسا كۆپ قېتىملاپ ئۇلارنىڭ تەھدىدىگە ئۇچرىدى. شۇڭا تاڭ سۇلالىسى پادىشالىرىدىن گاۋزۇخان شەرقىي تۈركلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، غەربىي تۈركلەرنى يۇمشاق قوللۇق سىياسەت بىلەن ئۆز يېنىغا تارتىپ، پادىشا تەيزۇڭخاننىڭ جېنگۇەن 4 - يىلى (630 - يىلى) شەرقىي تۈركلەرنى بىر يولىلا مەغلۇپ قىلدى. كېيىن، غەربىي تۈركلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ پەۋقۇلئاددە جىددى ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن، كۈچى ئاجىزلاپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، غەربىي يۇرتنى تەسەررۇپ قىلىشقا كىرىشتى. ئالدى بىلەن، ئاخىرقى ۋېي سۇلالىسىدىن باشلاپ 9 ئەۋلات داۋاملىشىپ 144 يىل ھۆكۈم سۈرگەن①، چۈي جەمەتى خان بولۇپ كەلگەن قاراقوجو خاندانلىقىنى بېسىقتۇردى، قاراشەھەر، كۇچا (كۇسەن) لارنى ئەل قىلدى ۋە قەشقەر، خوتەنلەرنى بويسۇندۇردى. كۇچادا تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلىش يولى بىلەن، بۇ جايلارنى بىر تۇتاش باشقۇردى.

پادىشا تەيزۇڭخان ئۆلگەندىن كېيىن، غەربىي تۈركلەر ئىچىدىكى ئاسىنا قولى تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈدى. ئاندىن پادىشا گاۋزۇڭخان غەربىي تۈركلەرگە جازا يۈرۈشى

① يېڭى، كونا «تاڭنامە. قاراقوجو» تەزكىرىسىدە، 9 ئەۋلات داۋاملىشىپ 134 يىل ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن ھالاك بولغان، دېيىلگەن. بۇ يەردە «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانى»، 97 - جىلد «قوجوخانلىقى»دىن نەقىل كەلتۈرۈلدى. داگۇشىگېجېن ئەپەندى بۇنى، 143 يىل دەپ قارايدۇ («توكيو ئىمپېرىيە داشۆيىسى ئەدەبىيات جەمئىيىتىنىڭ ماقالىلار توپلىمى»، 5 - توپلامدىكى «قارا قوجودا ئۆتكەن چۈي جەمەتىنىڭ خانلىقى»غا قارالسۇن).

قىلدى. ئاسنا قواى تاشكەنتتە ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن، غەربىي تۈركلەرنىڭ زىمىنىمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. تاڭ سۇلالىسى يىراقتىكى سوغدىيانا، كاسىمرا (كەشمىر)، كاپىسا (قەشقەر) دىگەن جايلاردا ئايماق، ناھىيىلەرنى تەسىس قىلدى. كىيىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشالىرىدىن شۈەنزۇڭخاننىڭ كەييۈەن 1-يىلىغىچە (مىلادى 713-يىلىغىچە — مۇھەررىردىن) غەربىي تۈركلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھوكۇمرانلىقىدا بولۇپ كەلدى، ئەمما ئۆز قۇدرىتىنى ساقلاپ قالدى. بۇ چاغدا غەربىي تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسى تۈركەشلەر غەربىي تۈرك خاندانلىقى ئورنىدا باش كۆتەردى.

بۇ دەۋردە غەرپتىكى تازىلار يەنى ئەرەپلەرنىڭ تەسىر كۈچلىرى بارا-بارا شەرققە كىرىپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن توقۇنۇشۇشقا باشلىدى. پىرسىيەنىڭ ساسانىلار خاندانلىقى 641-يىلى نەھۋەندى (Nahavend) ئۇرۇشىدا ئەرەپلەرنىڭ ئىسلام ئارمىيىسى تەرپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. پىرسىيە شاھى ئوغلىنى تاڭ سۇلالىسىغا ئەۋەتىپ، دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشىغا ياردەم بىرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى، بۇ ئىش ھەممىيلەنگە مەلۇم. ئەرەپلەر كىيىن شەرققە يۈرۈش قىلىش قەدىمىنى تىخىمۇ كۈچەيتتى. مەشھۇر قۇتەيبە (Kutayba) نىڭ يۈرۈش قىلىشى نەتىجىسىدە سوغدىيانا رايونىمۇ ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. قۇتەيبە 712-يىلى سەمەرقەنتنى بويسۇندۇرۇپ، ئارقىدىنلا تاشكەنت ئارقىلىق پەرغانە ئويمانلىقىغا بىسىپ كىردى. 714-يىلى پامىردىن ئۆتۈپ قەشقەرگە (سۇلىغا يەنى سۇلۇققا) ھۇجۇم قىلدى.

58

بۇ، ئەمەۋىيە (Omeyades) خەلىپىلىكى ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋر ئىدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئەينى ۋاقىتتا ئەرەپلەر بۇ جايلارغا تاجاۋۇز قىلغان ۋە ئۇلارنى بىسىۋالغىنىدىن كىيىن، ئۆزلىرى بىۋاستە ھوكۇمرانلىق قىلماستىن، بەلكى بويسۇندۇرۇلغان جايلاردىن باج-سېلىق ئېلىش بىلەنلا چەكلەنگەن ۋە بۇ جايلارنىڭ ئاھالىسىنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلدۇرۇشقىمۇ زورلىمىغان ئىدى. بۇ ئەھۋال ئاببىاسىلار خەلىپىلىكى دەۋرىگە كەلگەندە تەدرىجى ئۆزگىرىپ، ئۇلار ئۆزلىرى بىۋاستە ھوكۇمرانلىق قىلىشقا ۋە ئاھالىنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىشقا زورلاشقا باشلىدى. شۇڭا قۇتەيبە يۈرۈشى باشلانغاندىن كىيىن، سەمەرقەنت خانى پەقەت ئۆز جەمەتى ئۈچۈنلا پەتتە تىلەپ تاڭ سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتتى، بۇ چاغدا سەمەرقەنتنىڭ بىر قىسمىنى تۈركلەر يىڭىۋاشتىن ئىگەللىدى.

شۇنىڭ بىلەن، سوغدىيانا رايونى بىر تەرەپتىن شەرقتىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن غەرپتىكى ئەرەپلەرنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىدى. مۇشۇ جايىنى سەھنە قىلغان يۇقۇرىدىكى ئىككى كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتىن ھەرھالدا ساقلانغىلى بولمايتتى. دەرۋەقە تيەنباۋ 9-يىلى (مىلادى 750-يىلى) تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى گاۋشەنجى تاشكەنت خانىنىڭ ئەدەپسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلدى. بۇ خان ئەل بولغان بولسىمۇ شىئەنگە ئېلىپ بېرىلىپ ئۆلتۈرۈلگەچكە، تاشكەنت ئەتراپىدىكى خانلىقلار ئاستا-ئاستا ئەرەپلەرگە ئىتائەت قىلىپ، ئۇلاردىن ياردەم سوراشقا باشلىدى. ئىككىنچى يىلى، يەنى تيەنباۋ 10-يىلى (مىلادى

59

751 - يىلى) تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئارمىيىسى تالاس دەرياسى بويىدا ئەرەپلەر بىلەن جەڭ قىلىپ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. بۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى تەسەررۇپ قىلىشىدىكى چوڭ ئوڭۇشسىزلىقى بولدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا "ئوڭلۇك - سۈيگۈن توپىلىڭى" يۈز بەرگەچكە، تاڭ سۇلالىسى زەئىپلىشىپ، غەربىي يۇرتقا قاراشقا ۋاقىت چىقىرالمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىۋىدە قۇدرەت تاپقان تۇبۇتلار (زاڭزۇلار) تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا كىرىپ - چىقىدىغان بولدى. غەربىي يۇرتنىڭ باشقا جايلىرىدا پۈتۈنلەي تۈركلەر ۋە ئىسلامىيەت قوشۇنلىرى ھۆكۈم سۈردى.

ئونىنچى باپ

# ئۇيغۇرلارنىڭ غەرپكە كۆچۈشى

يۇقۇرىدا تاڭ سۇلالىسى پادىشا تەيزۇڭخاننىڭ جىنگۇەن 4 - يىلى (مىلادى 630 - يىلى) شەرقىي تۈركلەرنى بىر يولىلا مەغلۇپ قىلغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدۇق. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا پادىشا تەيزۇڭخان ئۆز سىياسىتىدىن ئەندىشە قىلغانلىقتىن، تۈركلەرنىڭ قايتىدىن خان تىكلەپ، قۇملۇق چۆلنىڭ شىمالىدىكى قەدىمقى زېمىننى قايتۇرۇۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىنلا شەرقىي تۈركلەر كۈچىيىۋالدى - دە، تاڭ سۇلالىسىغا ئارقا - ئارقىدىن تاجاۋۇز قىلدى ياكى سوغدىلار زېمىنىغە يۈرۈش قىلدى. بۇ چاغدا خانلىق ئىچىدە توپىلاڭچىلار كۆپىيىپ قالغان ئىدى،



نەتىجىدە، شۈەنزۇڭخاننىڭ تيەنباۋ يىللىرىنىڭ دەسلىۋىگە كەلگەندە (تەخمىنەن مىلادى 744 - يىلى)، شەرقىي تۈرك خانلىقى قول ئاستىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىسى تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

ئۇيغۇر قەبىلىسىمۇ تۈرك مىللىتىدىن بولۇپ، ئىلگىرى يەنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشالىرىدىن تەيزۇڭ خان دەۋرىدىلا خېلى قۇدرەت تاپقان ۋە تاڭ سۇلالىسى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولغان ئىدى. ئۇيغۇرلار قۇملۇق چۆلنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئۇزاق ئۆتمىگەن ئىدى، تاڭ سۇلالىسى ئۆز زېمىنىدا يۈز بەرگەن "ئوڭلۇك - سۈيگۈن توپىلىڭى" ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ تۇراتتى، بۇ توپىلاڭنى ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەنلا تىنجىتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى يۈز يىل ئىچىدە ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىغا بولۇشىچە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلدى، بۇ زوراۋانلىق تاڭ سۇلالىسىغا قاتتىق ئەلەم بولدى. بۇ جەرياندا، ئۇيغۇرلار بەزىدە ئەسكەر چىقىرىپ ئۇدۇل سوغدىياناغىچە باستۇرۇپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما كۈچ جەھەتتە شەرقىي تۈركلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسى ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا قۇملۇق چۆلنىڭ شىمالىدىن قۇملۇق چۆلنىڭ جەنۇبىدىكى سەددىچىن سېپىلىغىچە بولغان جايلار بىلەن چەكلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار ئالتاي تېغىنىڭ غەربىدىكى قەبىلىلەر بىلەنمۇ ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلدى.

مىلادىنىڭ 840 - يىللىرى — تاڭ سۇلالىسى پادىشالىرىدىن ۋۇزۇڭخان دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلار ئىچىدە توپىلاڭ كۆچەيگەنلىكى ۋە قىرغىزلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ

تالان-تاراج قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر دۆلىتى مۇنقەرز بو-
لۇپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تەرەپ-تەرەپكە تارقىلىپ كەتتى.
ئۇلارنىڭ بىر قىسمى غەرپكە كوچۈپ بېرىپ، تەڭرى تاغلى-
رىنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا ماكانلاشتى. ئارىدىن 20 نەچچە
يىل ئۆتكەندە جەنۇپقا ئىلگىرىلەپ قاراقوجونى ئىگەللىدى
ۋە بۇ يەردە قاراقوجۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇردى. شۇنىڭدىن
كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى كۈچى
تېز ئۇلغايدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا كۇسەن (كۇچا) ۋە
باشقا بەگلىكلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. مەلۇم بىر مۇ-
سۇلمان تارىخچىنىڭ خاتىرىسىگە① قارىغاندا، ئۇيغۇرلار مىلا-
دى 10-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ قەشقەر ۋە ھا-
زىرقى يەتتە سۇ رايونىدىكى چۇ دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان
بالاساغۇن شەھىرىنى (ھازىرقى توقماق شەھىرىنىڭ ئەتراپى-
دا. «تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى. شەھەر-يۇرتلار» دىگەن
ئەسەردە بىلاساغۇن دىيىلگەن شەھەرنى) ئىگەللىگەندىن كې-
يىن، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ سىر، ئامۇ دەريالىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى
جايلارنى ئىشغال قىلغان، ئاندىن غەربىي لياۋ خاندانلىقىغا
قارىغان (كېيىنكى باپقا قارالسۇن) ۋە تاكى 13-ئەسىرنىڭ
باشلىرىغىچە ھوكۇم سۈرگەن تۈركلەرنىڭ قاراخانىلار
سۇلالىسىنى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى قۇرغان دەپ قارى-
لىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، باشقا بەزىبىر مۇسۇلمان

① ئىبنى ئەل ئاسىر: «كامىلە ئۇتتەۋارىخ» (Ibn el Ather. Kamil ut Tawarieh). بىرىتىشنىدېر: «ئوتتۇرا ئەسىر تەتقىقاتى» (Bretschneidir. Mediaeval Researches) 1-قىسىم، 252-بەتتىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل.



تارىخچىلار①نىڭ ئەسەرلىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى
10-ئەسىردە پېرسىيەنىڭ شەرقىدىكى خوراسان ئايمىقىدىن
تاكى قارا قوجوغىچە بولغان كەڭ رايوننى ئىگەللىگەن ۋە
بالاساغۇننى پايتەخت قىلغان. «جىن سۇلالىسى تارىخى»
دە، لياۋ (قارا قىتانلار) دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بالا-
ساغۇننى ئىگەللىگەنلىكى ئىسپاتلانغان. بۇ يەردىكى
ئۇيغۇرلار تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىن كەلگەنلەرمۇ ياكى
باشقا قەبىلىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ ۋە ياكى ئۇلار بىر مىللەت
بولغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق دىيىلگەنمۇ، بۇنىسى ئانچە
ئېنىق ئەمەس.

ئۇيغۇرلار تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىنى ئىگەللەشتىن
ئىلگىرى، ئۇلار بىلەن بىر ئىرقتا بولغان تۈركلەر بۇ يەردە
ئالىقاچان بار ئىدى. بۇ ھەقتە بىز يۇقۇرىدا توختىلىپ
ئۆتتۇق. شۇ زامانلاردا ئۇيغۇرلاردىن مۇشۇ جايلاردا ماكان-
لىشىپ قالغانلارنىڭ بار ئىكەنلىكى شەك-شۈبھىسىز.
ئەمما قۇملۇق چۆلنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ
بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنلىكى زور ئەھمىيەتكە ئىگە، چۈن-
كى بۇ ئۇيغۇرلار بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگىنىدىن كېيىن
ئەسلىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى تاشلاپ،
تۇراقلىق ماكانلاشقان شەھەر ئاھالىسىگە ئايلانغان ۋە بۇ
جايلارنى ئۆز ئالدىغا ئىگەللىگەن. بۇ ئىلگىرىكى شىمالىق-
لارنىڭ بۇ جايلارنى تەسەررۇپ قىلىشىدىن زور دەرىجىدە

① مەسئۇدى: «ئالتۇن يايلاق» (Lespraires dor) نىڭ بار بىيەردى مېينارد تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى، 1-قىسىم 288-بەت. كەمىنىنىڭ ئەسىرى «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ئۇيغۇرچە مانى قەسىدىلىرى يېزىلغان تارىشلاردىن پارچىلار» («دوكتور ساگېيۇەننىڭ ياپونىيە تارىخىنى ئەسلەپ يازغان مۇھاكىمىلىرى» گە كىرگۈزۈلگەن)
② «جىن سۇلالىسى تارىخى» 121-جىلدىنىڭ «نيەنگې خەنىنۇ تەزكىرىسى».

پەرقلىنىدۇ. ئىلگىرى بۇ جايلار بىر نەچچە قېتىم شىمال-
دىكى مىللەتلەرنىڭ ھوكۇمرانلىقىدا تۇرۇپ كەلگەن بول-
سىمۇ، ئەمما بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى يەنىلا ئارىيانلار ئىرقى
ئىدى، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىيىشى
بىلەن، ئىرقىي جەھەتتە ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئەسلىدىكى
ئاھالە قوغلىۋېتىلدى، ياكى كوللىكتىپ ھالدا قىرىپ
تاشلاندى. ھايات قالغانلىرىمۇ يېڭى كەلگەن قەبىلىدىكىلەر
بىلەن نىكاھلىنىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئۆز-
گىچىلىكلىرىنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ يەر تۈركىستان
دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭدا تۈركلەر دۆلىتى مەيدانغا
چىقتى.

ئون بىرىنچى باپ

## موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋاللار

ئۇيغۇرلار قۇملۇق چۆلنىڭ شىمالىدىن چىقىپ كەت-
كەندىن كېيىن، بۇ يەردە دەرھال كاتتا بىر كۈچ بارلىققا
كەلمىدى. بىر قانچە قەبىلە ئۆز ئارا ئۇرۇشىۋاتقاندا،
قىتانلار يەنى لياۋ خاندانلىقى لياۋخې دەرياسىنىڭ يۇقۇرى
ئېقىمىدا باش كۆتىرىپ چىقىپ، بۇ قەبىلىلەرنى بويسۇن-
دۇردى. لياۋ خاندانلىقى 1124-يىلى يوقالدى، قىتانلار-
دىن ياللۇغ تاشىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ، 1132-يىللىرى
بالاساغۇن (قوش ئوردو) دېگەن يەردە غەربىي لياۋ دېگەن



دۆلەتنى قۇردى، مۇسۇلمان تارىخچىلار ئۇنى قاراختاي
دەپ ئاتىدى. غەربىي لياۋ دۆلىتىگە تەڭرى تاغلىرىنىڭ
شەرقىدىن تارتىپ غەربىتىكى سىر، ئامۇ دەريالىرىنىڭ
ئارىلىقىغىچە بولغان جايلار قارايتتى. ئۇنىڭ جەنۇبىي
تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغىچە باراتتى. يۇقۇرىدا بايان
قىلىنغان غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭمۇ كۆپچىلىكى
غەربىي لياۋ دۆلىتىگە قارايتتى. بۇ دۆلەت قۇرۇلۇپ، ئۆز
قۇدرىتىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا 80 نەچچە يىلغىچە ساقلىدى.
بۇ دۆلەتنى قىتانلار قۇردى دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار
ئاز ساندىكى ھوكۇمرانلار ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ئۇرۇق-
داشلىرىلا بولغانلىقتىن، بۇ رايوندىكى ئاھالىنىڭ ئىرقىي
ئۆزگىرىشىگە ھېچ قانداق تەسىر كۆرسىتەلمىدى. 13-
ئەسىرگە كەلگەندە موڭغۇللاردىن چىڭگىزخان قۇدرەت
تېپىپ كەتتى. موڭغۇللار ئالتاينى ئىگەللەپ تۇرغان تۈرك
قەبىلىلىرىدىن نايمانلارنى قوغلىۋېتىۋىدى، ئۇلار غەربىي
لياۋ خانلىقىغا قېچىپ بېرىۋالدى ۋە ئۇلاردىن پانا تىلىدى.
ئەمما ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ قەبىلىنىڭ ئاتامانى غەربىي
لياۋ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالدى. چىڭگىزخان نايمانلارنى
قوغلاپ جازالاش يۈزىسىدىن بۇ يەرلەرنى ئىشغال قىلدى
ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ سىر ۋە ئامۇ دەريالىرىنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى جايلارنى، ئارال دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىكى
خۇۋارەزمنى ۋە ھازىرقى ئافغانىستان قاتارلىق جايلارنى
بويسۇندۇردى. موڭغۇللار شۇ چاغدىمۇ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان
ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى جايلاردا ۋە خۇۋارەزمدە ياشايدىغان
ئاھالىنى ھازىرقىدەكلا سارتلار دەپ ئاتايتتى. سارت دېگەن
سۆز سودىگەر دېگەن مەنىدە ئېيتىلىدىغان سانسكرىتچە

سۆز ئىدى. قەدىمدىن بۇيان مۇشۇ يەردە ياشايدىغان ئاھالىنىڭ سودىگەرچىلىكتىكى ماھىرلىقىغا قارىتىپ قويۇلغان بۇ نام تۈركلەردىن موڭغۇللارغا تارقالغان بولۇپ، تا ھازىرغىچە قوللىنىلىپ كەلمەكتە، لېكىن بۇ ئەزەلدىن بىرەر مىللەتنىڭ مەخسۇس نامى بولغان ئەمەس. يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتىمىزدەك، 10 - ئەسىردىن 11 - ئەسىرگىچە بالاساغۇننى تايانچ بازا قىلغان تۈركلەر ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى جايلارنى بېسىۋېلىپ، ئۇزاق تارىختا ئىگە سوغدىلار دۆلىتىنى پەيدىن-پەي يوقاتقان. سوغدىلار تۈركلەر بىلەن شالغۇتلىشىش نەتىجىسىدىلا ئۆز قىياپىتىنى ساقلاپ قېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان. بۇ شالغۇتلار سودىگەرچىلىكتىكى ماھارىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىۋەرگەن. شۇنىڭ بىلەن، دەسلەپتە سودىگەر دىگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن "سارت" دىگەن سۆز مۇشۇلارنىڭ نامى بولۇپ قالغان. بۇ سارتلاردا ھازىرمۇ ئىران ۋە تۈرك ئېرقلىرىنىڭ شالغۇتلۇق خۇسۇسىيەتلىرى بار. ئەمدى قارا قوجۇدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارغا كەلسەك، ئۇلار چىڭگىزخان غەرپكە يۈرۈش قىلغان چاغدىلا ئەڭ ئاۋال موڭغۇللارغا ئىتائەت قىلغان. شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى چىڭگىزخان دەۋرىدىلا موڭغۇللار تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كەتكەن. چىڭگىزخان ئۆزىگە قاراشلىق زېمىنلارنىڭ ھەممىسىنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرگەن، ئىلگىرى نايمان قەبىلىسى ياشايدىغان ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي ۋە جۇڭغار چۆللۈگىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى ئۈچىنچى ئوغلى ئوگدايغا بولۇپ بەرگەن. ئۇنىڭ غەربىدىن تارتىپ ئامۇ دەرياسى ۋادىسىغىچە ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغىچە بولغان جايلارنى



ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا بولۇپ بەرگەن. شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇشۇ ئىككى خاندانلىقنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار ئۆزىگە تەۋە جايلارغا ئۆز مىللىتىنى ۋە قول ئاستىدىكىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، موڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ باشقا زېمىنلىرىدىكىگە ئوخشاشلا بۇ يەرلەرگىمۇ كەڭ تارقالغان. گەرچە ئۇلار بۇ يەردىكى ئاھالىنى موڭغۇللاشتۇرۇش دەرىجىسىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەممىلا يەردە ئۆز گۇرۇھلىرىنى قالدۇرغان.

كېيىن ئوگداي خاندانلىقىدىن قايدۇ دىگەن بىر مەشھۇر ئادەم چىقىپ موڭغۇل ئەجداتلىرىنىڭ يۇۋەن سۇلالىسى بىلەن تىركەشتى، چاغاتاي خاندانلىقى ئاساسىي جەھەتتىن ئۇنىڭغا بېقىندى، 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئوگداي خاندانلىقى خاراپ بولۇپ، ئۇنىڭ زېمىنى چاغاتاي خاندانلىقىغا قوشۇۋېلىندى. چاغاتاي خاندانلىقىمۇ 1321 - يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە، بۇخارانى مەركەز قىلغان ئىككى دەريا (سىر، ئامۇ دەريالىرى) ۋادىسى غەربىي خانلىق، ئۇنىڭ شەرق تەرىپى شەرقىي خانلىق بولۇپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. غەربىي خانلىقتا كەينى-كەينىدىن ئىچكى قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ تۇرغاچقا، بۇ خانلىق ھۆكۈمەتسىز دىگۈدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. 1360 - يىلى شەرقىي خانلىق ئىككى دەريا ۋادىسىغا بېسىپ كىرىپ، بۇ رايوننى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. شۇنداق قىلىپ، چاغاتاي خاندانلىقى يەنە بىرلىككە كەلدى. مۇشۇ ۋەزىيەتتە تېمورىيلەر باش كۆتەردى.

ئىككى دەريا ۋادىسىنى چاغاتاي خانلىقى تېچلاندۇرغاندىن كېيىن، تېمۇر ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بېقىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەيلا چاغاتاي خانىنى قوغلىۋېتىپ، ئىككى دەريا ۋادىسىغا خاقان بولدى ۋە سەمەرقەنتنى پايتەخت قىلدى. تېمۇر ئەسلىدە كاسانىدا (شەھرىسەبز)دە تۇغۇلۇپ، تۈرك مەدەنىيىتى بىلەن تەربىيىلەنگەن مۇسۇلمان ئىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ موڭغۇل پۇشتىدىن بولۇپ، نەسەپ جەھەتتە چىڭگىزخان بىلەن بىر جەمەت ئىكەن. ئۇنىڭ غايىسى بۆلۈنۈپ كەتكەن موڭغۇللارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، چىڭگىزخاننىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى. ئۇنىڭ بۇ غايىسى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشقان: ئۇ پېرسىيىدىكى ئىل خانلىقى (چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى ھولاگو ئۆزلەشتۈرگەن زېمىن)نى ۋە ۋولگا دەرياسىدىن تارتىپ جەنۇبىي روسسىيىدىكى قىپچاق خانلىقى (چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى باتۇر ئۆزلەشتۈرگەن زېمىن)غىچە بولغان جايلارنى تېچلاندۇرغان، كىچىك ئاسىيادىكى ئوسمانلى تۈركلىرىنى بويسۇندۇرغان، شىمالىي ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئۇنى شەرقتىكى چاغاتاي خانلىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن يەنىمۇ شەرققە ئىلگىرىلەپ — مىڭ سۇلالىسىغا قاراپ كېلىۋاتقاندا، سەپەر ئۈستىدە ئۆلگەن.

تېمۇرىيلەرنىڭ شۇنچىۋالا كەڭ زېمىننى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشى ھەقىقەتەنمۇ تارىختا ئۇلۇغ مۆجىزە. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى — ئۇنىڭ سەمەرقەنتتە يەنى ئىككى دەريا ۋادىسىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان كۈچ ئىكەنلىكىدە.



چۈنكى بۇ جايدا مۇشۇ يەرلىك تايانچ بازا قىلغان قۇدرەتلىك كۈچ ئەزەلدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان ئەمەس. مۇشۇ جەھەتتە ئۇ، تارىختا مىسلىسىزدۇر. ئەينى زاماندىكى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىرەر ئالاھىدە قۇدرەتلىك كۈچ بولمىغان، ئۇ بىرقانچە قەبىلىلەرنىڭ ئاتامانلىرى ئىچىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققاندا گەرچە بەزىبىر قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىككى دەريا ۋادىسىدىكىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قانات قۇيرۇغىنى رۇسلىۋالغان چاغدا ئۇنىڭغا قارشى چىققۇدەك قۇدرەتلىك بىرەر رەقىپ چىقمىغان. بۇنىڭ سىرتىدا، موڭغۇل ئەۋلادى بولغان تېمۇرنىڭ شۇنچىۋالا ئۇلۇغ ئىشنى ئورۇنلىيالىشىغا ئۇنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتەك ئۇلۇغ ئىستەكنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكىمۇ سەۋەپ بولغان. شۇڭا ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى ئەينى ھالدا موڭغۇللارنىڭ پائالىيەت تارىخىغا يېزىلىشى لازىم.

تېمۇر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خاندانلىقى تەختىنى بىرەر يۈز يىلغىچە داۋاملاشتى. بۇ مەزگىلدە كۆرۈنەرلىك مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەكسىچە، دۆلەتنىڭ كۈچ-قۇدرىتى راۋاج تاپمىدى. دۆلەتتە ئىچكى قالايمىقانچىلىق بېسىقمىدى. 1500-يىلى ئارال دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى ئۆزبېكلەر جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ سەمەرقەنتكە كىرگەندىن كېيىن، تېمۇرىيلەر خاندانلىقى ھالاك بولدى. ئۆزبېكلەر ئەسلىدە موڭغۇللار ئىچىدىكى قىپچاقلار خانىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى باتۇرنىڭ ئىنىسى شەيبانىخاننىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئارال دېڭىزىنىڭ شىمالىدا ياشايتتى. بۇ قەبىلە

تۈركلەر بىلەن موغۇللار ئارىسىدىن چىققان شالغۇت ئېرق بولۇشى كېرەك، بۇ چاغدا تېمورنىڭ 5-نەۋرىسى بابۇر پەرغانىنى تايانچ بازا قىلىپ، ئۆز ئەجداتلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزبېكلەر بىلەن ئېلىشىش داۋامىدا بىر قانچە قېتىم سەمەرقەنتكە كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما زادىلا مەقسىدىگە يېتەلمىدى. كېيىن كابۇلنى ئىگەللەپ، ھىندىستاندا قۇرۇلغۇسى موغول ئىمپېرىيىسىگە ئاساس سالدى.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىيىتى كىتاۋىمىزنىڭ 2-قىسمىدا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن، تۆۋەندە بۇ ھەقتىمۇ ئازراق توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئۆزبېك خاندانلىقى (ياكى باشقىچە ئاتىغاندا، شەيبانىلار سۇلالىسى) ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇردى، بۇخارانى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ بۇخارا خانلىقىنى قۇردى، يەنە خۇارەزمدە خىۋە خانلىقىنى قۇردى. بۇ ئىككى خانلىق ئۆزئارا تالاش-تارتىش قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تاكى 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا روسسىيە جەنۇپقا يۈرۈش قىلىپ بۇ يەرلەرنى بويسۇندۇرغانغا قەدەر ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قالدى.

چىغاتاي خاندانلىقى تېمورىيلەرنىڭ زۇلمى دەستىدىن ھالسىزلانغاندىن كېيىن، موغۇللارنىڭ بىر قىسمى بولغان ئويرات (قالماق)لار تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلىپ، بىر مەھەل موغۇللار ۋە مىڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچلۈك رەقىبى بولۇپ قالدى. كېيىن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بولغان جۇڭغارلار قۇدرەت تېپىپ، مىڭ



سۇلالىسى بىلەن ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرغان ئىدى، چىڭ خاندانلىقىنىڭ خانلىرىدىن گاۋزۇڭخان دەۋرىگە كەلگەندە تىنچىتىلدى.

چىغاتاي خاندانلىقى شۇنىڭدىن كېيىنمۇ خاندانلىق ئاتىلىپ، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقسۇنى ياكى قەشقەرنى ئىگەللەپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كوزگە كورۈنەرلىك كۈچى قالمىدى، 16-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى ئەھۋال ئانچە ئېنىق ئەمەس. 17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، موغۇللارنىڭ جۇڭغار قىسمى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغىچە كېڭەيتىپ، تاكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ خانى تىنچىتقانغا قەدەر ھوكۇم سۈردى.

# ئىككىنچى قىسىم

## بىرىنچى باپ

## غەربىي يۇرت ۋە يۇنان مەدەنىيىتى

ئىران مىللىتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەلۇم جايىدا پەيدا بولۇپ، بارا-بارا سوغدىيانىغا، باكتىرىيە قاتارلىق جايلارغا كېڭەيگەن دېگەن تەلىماتنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغانلىقىنى بىرىنچى قىسىمنىڭ 2-بابىدا بايان قىلدۇق. ئىران مىللىتى ئەسلىدە تەبىئەت دۇنياسىدىكى مۇھىم نەرسىلەرگە چوقۇناتتى، ئۇلار ھەممىشە دىنىي ئېتىقادىنى پاك تۇتۇش، ئۇنىڭغا داغ تەككۈزمەسلىك قارشىنى چىقىش قىلىپ، تۇرلۇك ئىنچىكە دىنىي قائىدىلەرنى بەلگىلەيتتى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلاردا تۇرلۇك مەۋجۇداتلارنى، مەسىلەن، ھايۋانلارنى پاك ۋە پاك ئەمەس دەپ ئايرىيدىغان، پاك دېگەنلەرنى قوغداپ، پاك دېمىگەنلەرنى يوقىتىدىغان قاتتىق قائىدىلەر پەيدا بولدى، شۇنداق قىلىپ، تەبىئەت دۇنياسىدا ئىككى مەنبە مەۋجۇت دېگەننى مەركىزىي ئىدىيە قىلغان زورو ئاستىرا دىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پەيدا بولدى.

ئىرانلىقلار سوغدىيانىغا، باكتىرىيىگە كىرىشتىن ئىلگىرى، ئۇ جايلاردا ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر ئارىسىدا ئايال ئىلاھ



(Auaitis ياكى Ahahld، پارسچە Tanafa دەپ ئاتىلىدۇ)غا چوقۇنۇش ئەۋج ئالغان ئىدى. بۇ جايلاردىكى كۆچمەن چارۋىچىلار بۇ ئايال ئىلاھنى بەخت ۋە گۈللىنىش تەڭرىسى دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا كەڭ كۆلەمدە ئېتىقات قىلىپ كەلگەن ئىدى. 1903 — 1904-يىللىرىچە پومپېل (Pumpelly) نىڭ غەربىي تۈركىستاننىڭ ئاناۋ (Anau)دېگەن يېرىدىكى قېزىش نەتىجىسى بۇ ئۇرۇپ-ئادەتنىڭ يىراق قەدىمقى زاماندىلا تارقالغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. باكتىرىيەدە بۇ ئايال ئىلاھقا ئىبادەت قىلىنىدىغان مەشھۇر ئىبادەتخانا سېلىنغان بولۇپ، ئۇ يىراق-يېقىن ئەتراپتىكى جايلارنىڭ ئېتىقات مەركىزى بولۇپ قالغان. زورو ئاستىرا دىنى پەيدا بولغاندىن كېيىن، بۇ ئېتىقات يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋەردى. ئاخمېنىدلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى ئارتاكسېركسېس I (Artaxerxesi) مۇشۇ دىنغا كىردى. ئومۇمەن ئالغاندا، بۇ قەدىمقى دەۋرلەردىن باشلاپ خەلق ئارىسىدا تارقالغان ئېتىقاتنىڭ قالدۇقى ئىدى. ئىرانلىقلارنىڭ سېستىملاشقان دىنى دېگەندە، ئەلۋەتتە، زوروئاستىرا (ئاتەشپەرەستلىك) دىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

زورو ئاستىرا دىنى مەيلى باكتىرىيەدە ياكى سوغدىيانادا بولسۇن، ياكى ئىرانلىقلار ئارىسىدا بولسۇن ئەينى زاماندا تەۋرەنمەس، مۇستەھكەم ئېتىقاتقا ئايلاندى. ئالىكساندىر تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، جاي-جايلارغا بېرىپ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىگەن چاغدا، گىرېكلار چوقۇنىدىغان ئىلاھقا ئىبادەت قىلىپ غەلىبىنى تەبرىكلىگەن ئىدى. ئىنتايىن قىزىقارلىقى ئۇلارنىڭ زورو ئاستىرا دىنىغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش مەسىلىسى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل تاجاۋۇزچىلىق تۈپەيلىدىن تۈنجى

قېتىم دۇچ كەلگەن بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتتە قانداق توقۇنۇش ئىپادىلىنىش مەسىلىسى ئىدى. ئالېكساندىر بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئىنتايىن قاراملىق قىلدى. ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن زۇلۇم سېلىش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىپ، زورو ئاستىرا دىنى مۇقەددەس ھېساپلىغان دەپنە ئۇسۇلىنى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ جەسىدىنى ئوچۇق يەرگە قويۇپ، كۈنگە قاخلاپ قۇشلارغا يەم قىلىش ئادىتىنى ھەممىدىن بەك پەرھىز تۇتۇشقا تېگىشلىك يامان ئادەت دەپ قاراپ قاتتىق چەكلىدى، ئىبادەتخانىلىرىنى تارتىۋالدى، دىنىي كىتاپلىرىنى ۋەيران قىلدى. بۇ قىلمىشلار ئىرانلىقلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى، ئەلۋەتتە. ئىسكەندەر باكترىيەنى ئاسانلا ئىلكىگە ئېلىپ سوغدىيانىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇ شەرققە يۈرۈش قىلغاندىن بۇيان زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەھشەتلىك جەڭگە دۇچ كەلدى. بۇنىڭغا يەرلىك ئىران مىللىتىنىڭ دۈشمەنگە ئورتاق قارشى تۇرغانلىقىدىن باشقا، ئۇلارنىڭ دىنىي جەھەتتىكى نارازىلىقىمۇ سەۋەپچى بولدى. ① نەتىجىدە ئۇلار ئالېكساندىرنىڭ قۇرال كۈچىگە بويسۇنغان بولسىمۇ، لېكىن مىللى دىن سۈپىتىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان زورو ئاستىرا دىنى زەربىگە ئۇچرىمىدى، ئاجىزلىشىپ كەتمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن يەنىلا بۇ يەردىكى ئىران مىللىتىنىڭ ئېتىقات مەركىزى بولۇپ قېلىۋەردى.

ئالېكساندىرنىڭ غايىسى ئاتالمىش گرېتسىيە مەسلىكى (Hellenism)نى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، گرېتسىيە مەدەنىيىتى ئاساسىدا دۇنياۋى ئىمپېرىيە قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

① ھ. گ. راۋلىنسون: «باكترىيە» 6- قىسىم، 1912-يىلى نەشرى، 42- بەت.
( H .G .Rawlinson ,Bactria Probsthainis Oriental ;
(series Vol· VI, 1912, p· 42)



ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى بىر دەملىك قارا بوران بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بويسۇندۇرۇلغان جايلارنى مەڭگۈ گرېتسىيە تەسىر كۈچى ئاستىدا قالدۇرۇپ، ئۇنى گرېتسىيە مەدەنىيىتى ئارقىلىق ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشنى مەقسەت قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۆزى ئاخمېنىدلار سۇلالىسىنىڭ خانلىق جەمەتىدىن بىر قىزنى خوتۇنلۇققا ئالدى، ئۇ ئۆز غايىسىنى ئوخشۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قول ئاستىدىكى سەركەردە ۋە لەشكەرلىرىنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش، ئىرانلىقلار بىلەن توي قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئىسكەندەر ھەممە ئىشلاردا گرېتسىيە كۈچلىرىنىڭ تەسىرىنى كۈچەپ تارقاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەرمۇ مۇشۇ فاڭجېننى داۋاملىق قوللاندى. باكترىيەدىن باشلاپ، ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلارنىڭ ھوكۇمرانلىرى گرېتسىيەلىكلەردىن تەيىنلەندى. ئىشلىتىلىۋاتقان پۇلنىڭ ھەممىسى گرېتسىيىچە بولدى. سىياسى، سودا جەھەتلەردە گىرېك تىلى قوللىنىلدى. ئىران مىللىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن گرېتسىيە مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشتىن باشقا چارە-ئامال يوق ئىدى. لېكىن بۇ فاڭجېن ئاخىرقى ھېساپتا كۆزلەنگەن گرېتسىيەلەشتۈرۈش مەقسىدىگە يەتتىمۇ يوق، بۇ مەسىلە ھازىر تەكشۈرۈش ئۈستىدە تۇرماقتا.

ئومۇمەن مەلۇم دولەت ياكى ئورۇندىكى مەلۇم بىر مىللەت راۋاجلانغان مەدەنىيەتكە ئىگە بولسىلا، ئۇنىڭ بۇ جايغا كەلگەن باشقا مىللەتلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا ئۇچراش ئارقىسىدا يېڭى مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشى ناھايىتى تەس بولىدۇ. گرېتسىيەلىكلەر سىناپ كۆرگەن بۇ قېيىنىش ئەڭ دەسلەۋىدە ئارساكنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ئارقىسىدا تۇنجى قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. بۇ خىل

ئۇرۇش ۋە مۇستەقىللىق ئارساكلارنىڭ گىرىك ئىرقىغا بولغان
نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى، ئۇ بارلىق ئارساك مەدەنىيىتىنى
يەر بىلەن يەكسان قىلىشقا ئۇرۇنغان گىرېتسىيە مەسىلىگە
بولغان قارشىلىق ئىدى. لېكىن باكترىيەدىكى دىئودوتىسنىڭ
مۇستەقىللىقى بۇنىڭغا ئوخشىمايتتى، ئۇ پەقەت گىرېتسىيىلىكلەر
ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل ئىنقىلاپ ئىدى، بۇ ئىنقىلاپتىن
كېيىن گىرېتسىيىلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى داۋاملىق ساقلىنىپ
قېلىۋەردى. باكترىيە مەدەنىيىتىنى گىرېتسىيەلەشتۈرۈش
ئاخىرقى ھېساپتا ماھىيەتلىك ئۈنۈم بەرمىدى. بۇ نۇقتىنى
ئارساكنىڭ مىسالى ئارقىلىق ئاسانلا پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.
باكترىيەنىڭ شۇ چاغدىكى مەدەنىيىتىنى چۈشەندۈرىدىغان
نەرسىلەر تامامەن دېگۈدەك ساقلىنىپ قالمىغان. لېكىن
ئاز ساندا ساقلىنىپ قالغان پۇلغا ئاساسەن قىياس قىلىشقا
بولىدۇ. بەزىلەر تامامەن گىرېتسىيە ئۇسلۇبىغا ئىگە بۇ پۇل-
لارنى ماتېرىيال قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، گىرېتسىيە
مەدەنىيىتىنىڭ بۇ جايدا ئومۇملاشقانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى
بولىدۇ. لېكىن بۇ پۇللار پەقەت شۇ چاغلاردا بۇ جايغا ھۆكۈمران-
لىق قىلىۋاتقان بىر قەدەر ئازساندىكى گىرېتسىيىلىكلەر ۋە
ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ
ئۆز ئارامال ئالماشتۇرۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ ياسالغان ئىدى.
يەرلىك كىشىلەرنىڭ مەدەنىيىتى ھەقىقەتەن مۇشۇ پۇلدا
ئىپادىلەنگەندىكىدەك ساپ گىرېتسىيە مەدەنىيىتىگە ئاسسىمىلات-
سىيە بولۇپ كەتكەنمۇ-قانداق دېگەن مەسىلىدە بۇ پۇلنى
ئىسپات ماتېرىيالى قىلىشقا تامامەن بولمايدۇ. دېمېترىيوس
ھىندىقۇشنىڭ جەنۇبىغا يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، بۇ جاينىڭ
پۇللىرىدا ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ قوشۇلۇشىنىڭ ئالامەتلىرى



پەيدا بولۇشقا باشلىدى (2-رەسىم ①، ②گە قاراڭ) بۇ
نۇقتا ئەزەلدىنلا قەدىمقى پۇلشۇناسلار تەرىپىدىن تەشەببۇس
قىلىنىپ كەلدى. بۇ نۇقتا بەلكىم شۇ چاغلاردا پامىرنىڭ
جەنۇبىغا ئۆتكەن گىرېتسىيىلىكلەر بۇ جاينىڭ مەدەنىيىتىنى
ساقلاپ قېلىش زورۇر دەپ ھېساپلاپ، ئۇنىڭغا مۇرەسسە-
لىشىش پوزىتسىيىسىنى قوللانغانلىقىدىن شۇنداق بولغان
بولۇشى مۇمكىن. لېكىن دەل مۇشۇ پۇللاردا گىرېتسىيىچە
ئۇسۇل ۋە فورمىلار يۇكراتىدېسنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە
كەلگەندە بارا-بارا يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شۇ چاغدىكى
ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تېخنىكىسى ۋە ئىدىيىسى ئالماشتى. ئېغىرلىق
ۋە ئۇيما يېزىقلارمۇ ھىندىچە ئۇسلۇپقا ئۆزگەردى. تەرجىمە
قىلىنغان گىرېك يېزىقلىرىدىمۇ خاتالىقلار كۆرۈلدى. دېمەك، بىر
مەھەل گىرېتسىيە كۈچلىرىنىڭ زۇلمىغا ئۇچراپ يوشۇرۇنۇپ
قالغان ئەسلىدىكى مەدەنىيەت گىرېتسىيە كۈچلىرىنىڭ زاۋاللىق-
قا يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ قايتىدىن باش كۆتەردى ھەمدە
گىرېتسىيە مەدەنىيىتىنى پەيدىن-پەي قوغلاپ چىقاردى.

گىرېتسىيە مەدەنىيەت مەسلىگى غايىسىنى كۆڭلىگە پۈ-
كۈپ شەرققە يۈرۈش قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان ئالېكساند-
ىردىن بۇيان گىرېتسىيىلىكلەرنىڭ باكترىيەدىكى ھاكىمىيىتى
200 يىل داۋام قىلدى، بۇ ۋاقىتنى قىسقا دېگىلى بولمايدۇ.
لېكىن، ئۇ مەدەنىيەتنىڭ جايلارغا بولغان تەسىرىنى ئىسپاتلاي-
دىغان ماتېرىياللار ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس. بۇ نۇقتىنى
چۈشىنىش بىر ئاز قىيىن. بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە باكتىرى-
يەنىڭ مەركىزى بولغان بەلختە بىر قانچە قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك
تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ھېچ-
قانداق نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن تەك-

شۇرۇشمۇ ئېلىپ بېرىلمىدى. بەزىلەر ئۇچاغلاردا بۇ جايلاردىكى گرېتسىيىلىكلەرنىڭ ھەممىسى قارام لەشكەرلەر ھەم ئۇلارنىڭ پۇشتىلىرى بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ گرېتسىيە ئەدەبىياتى ھەققىدە ھېچقانچە بىلىمى بولمىغان، شۇڭا بۇ جايدا بىرەر ئۇيما خەتمۇ قېپقالمىغان،① دېيىشىدۇ. بۇ خىل قاراشقا قوشۇلۇش قىيىن. توغرا ئىزاھات شۇكى، بۇ جاينىڭ گېئولوگىيە ۋە ھاۋا كېلىماتى قاتارلىقلار مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا باپ كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە باكترىيەلىكلەرنىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كوپىنچە خىش ۋە ياغاچتىن ئىبارەت، ھەيكەلتاراشلىققا باپ كېلىدىغان ماتېرىياللار بولمىغانلىقتىن، بۇ خىل نەپىس سەنئەت ياخشى راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان. ئەزەلدىن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرمۇ نابۇت قىلىنىپ يوق قىلىۋېتىلگەن، ② شۇنداقلا تېخى كەڭ كولەمدە ئېچىلمىدى، ۋاھاكازالار.

ئۇمۇمەن باكترىيەلىكلەرنىڭ گرېتسىيەگە قارشى روھى ئىنتايىن كۈچلۈكتەك قىلىدۇ. پادىشا يۇكراتىدىسمۇ گرېتسىيە ئۇرپ-ئادىتىگە ھەددىدىن زىيادە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ھەم ئۇزىنىڭ سېلىيوكىس خاقانلىقى بىلەن بولغان قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى كوز-كوز قىلغانلىقىدىن ئۇلتۇرۇلگەن. ③ بۇ يەردىمۇ باكترىيەلىكلەرنىڭ گرېتسىيەگە قارشى روھىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كورۈۋالغىلى بولىدۇ. يۇكراتىدىسنىڭ ئوغلى ئاپرودوتىسنىڭ دادىسىنى ئۇلتۇرگەن

① ھ. گ. راۋلىنسون: يۇقۇرقى كىتاپ. 125 - بەت.

② فۇچېر: «بۇددا دىنى نەپىس سەنئىتى توغرىسىدا تەتقىقات» 69 - بەت.

③ Rawlinson، يۇقۇرقى كىتاپ، 83 - بەت.



ۋاقتىدا جاكالىغىنىدەك، ئۇ دادىسىنى ئەمەس، بەلكى ئۇمۇمەنىڭ دۈشمىنىنى ئۇلتۇرگەن. بۇ گەپتىنمۇ شۇنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئالېكساندىر كەڭ كولەمدە تەشەببۇس قىلغان ئىرانلىقلار بىلەن توي قىلىشتەك سىياسىي تاكتىكا ئۇزى كوزلىگەن مەقسەتنىڭ ئەكسىچە نەتىجە بەرگەن. ئاخىرقى مەزگىللەرگە كەلگەندە، بۇ جايدىكى گرېتسىيىلىكلەر يەرلىكلەر بىلەن ئۇزئارا نىكاھلىنىش تۈپەيلىدىن ئۇز ئىرقىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ قالالمىغان. نەتىجىدە ئۇلار گرېتسىيىلىكلەرنىڭ ھوكۇمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن تىرىشىۋاتقان سان جەھەتتىن كوپ بولغان يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇزلەشتۇرۇۋېتىلگەن ۋە ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنغان. ئۇمۇمەن ئالغاندا، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 128 - يىلى جاڭچيەن بۇ جايغا ئەلچى بولۇپ كەلگەن چاغدا گرېتسىيىلىكلەر قۇرغان باكترىيە پادىشالىغىنىڭ يوقالغىنىغا گەرچە ئۇزۇن ۋاقىت بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن گرېتسىيىلىكلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى زادىلا تىلغا ئېلىنمىغان، پەقەت ئۇرپ-ئادىتىنىڭ پەرغانىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىغىلا سوزلەنگەن: "ئۇلار ئەسكىرىي كۈچ جەھەتتە ئاجىز ئىكەن، ئۇرۇش قىلىشتىن قورقىدىكەن، سودىگەرلىككە ماھىر ئىكەن"، "پەرغانىدىن غەرپتىكى پارتىيە (Parthia) گىچە بولغان يەردىكىلەرنىڭ ناەى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۇرپ-ئادەتلىرى ئوخشايدىكەن، بىر بىرىنىڭ تىلىنى بىلىشىدىكەن. ئورا كوز، ساقاللىق كېلىدىكەن، سودىگەرلىككە ماھىر ئىكەن، مارجان-مەرۋايىتقا ئامراق ئىكەن ...... بۇ جايلاردا يىپەك، سىر يوق ئىكەن، كىشىلەر تومۇر سايمان ياساشنى

بىلمەيدىكەن.”① بۇ يەردە گرېتسىيە مەدەنىيىتىنىڭ
ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال
10—20 يىل ئىچىدە تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئەمەس، بەلكى
بۇ جايدىكى گرېتسىيىلىكلەر بۇنىڭدىن ئىلگىرىلا باكترىيە-
لىكلەر تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈۋېتىلگەن ۋە ئاسسىمىلاتسىيە
قىلىنغان بولۇپ، ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقاتقان. ئەگەر
گرېتسىيە مەدەنىيىتىنىڭ بۇ جايدا چوڭقۇر تەسىرى
بار دېيىلسە، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، نەپىس سەنئىتى،
كىتابلىرى ۋە تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى جاڭ چيەن چوقۇم
بىلگەن بولاتتى، ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن قاتناش راۋاجلان-
غانلىقتىن، ئۆزئارا بېرىش-كېلىش قىلىۋاتقان كىشىلەرگە
مەلۇم بولاتتى، ياكى ئۇلار تەرىپىدىن خاتىرىلىنەتتى.
شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ بۇ جاي ئۇزاق ۋاقىت
گرېتسىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغانلىقتىن، قالدۇق
يادىكارلىقلار ۋە خاتىرىلەرنىڭ بار-يوقلۇقىدىن قەتئىي
نەزەر، گرېتسىيە مەدەنىيىتىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە تەسىر
كۆرسەتكەنلىكى تەبىئىي. لېكىن مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغىنى
شۇكى، گرېتسىيە مەدەنىيىتى بۇ يەردە كۆرۈنەرلىك
مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ئەمەس.

ئىككىنچى باب

## سوغدىلار ۋە سودا

سەمەرقەنت ۋە بۇخارانى ئۆز ئىچىگە ئالغان سوغدىيانا
تۇپرىقىنىڭ مۇنبەتلىكى بىلەن بايلىقى قەدىمدىن تارتىپ

① «تارىخىي خاتىرىلەر» خەنزۇچە 123-جىلد، «پەرغانە تەزكىرىسى.
باكترىيە ھەققىدە» گە قاراڭ.



ناھايىتى داڭلىق ئىدى. كىشىنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ
قوزغايدىغىنى شۇكى، بۇ جايلاردا قەدىمدىن بۇيان سودا
ئىشلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان ئىدى، سوغدىيانا
شەھەرلىرىنىڭ ئاۋاتلىشىشىمۇ شۇنىڭدىن ئىدى. سوغدىيانا
سودىگەرلىرى گويا تۇغما تالانتلىق سودىگەرلەردەك
سودىگەرچىلىكتىكى چاققانلىقى، ئىشچانلىقى ۋە سودىسىنىڭ
كەڭ دائىرىلىكلىكى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى.
ئۇنىڭدىن باشقا، سوغدىيانىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىمۇ بۇنداق
تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى. خەرىتىدىن
شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، سوغدىيانىنىڭ بولۇپمۇ
سەمەرقەنتنىڭ ئورنى شەرقتە تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي
ياكى شىمالىي ئارقىلىق جۇڭگوغا، جەنۇپتا ئافغانىستان
ۋە ھىندىستانغا، غەرپتە پېرسىيەگە، غەربىي شىمالدا
ياۋروپاغا بېرىشتىكى مەركىزىي رايون ئىدى. بۇ دۆلەتلەر
ئۆزئارا بېرىش-كېلىش قىلغاندا، ھەممىشە مۇشۇ يەردىن
ئۆتەتتى. قاتناشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى
دۆلەتلەرنىڭ ماددىي ئەشيالىرى تەبىئىي ھالدا مۇشۇ يەرگە
توپلىناتتى ۋە مۇشۇ يەردىن تارقىلاتتى. جۇڭگونىڭ
«ۋېي نامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دېگەن كىتاۋىنىڭ
"سەمەرقەنت" دېگەن بابىدا: "ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سودا
ئىشلىرى مۇشۇ دۆلەتكە مەركەزلەشتى" دەپ خاتىرىلەنگەن.
زەرەپشان دەريا ۋادىسىدىكى كىشىلەرنىڭ قەدىمدىن
بۇيان كەڭ كۆلەمدە دۇنياۋى سودىگەرچىلىك بىلەن
شۇغۇللىنىشىدا كۆپ سەۋەپ بار ئىدى. سودا ئىشلىرى
سودا كارۋانلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. نۇرغۇن

كىشىلەر توپ-توپ بولۇشۇپ، يىراق-يىراق جايلارغا
بېرىپ تۇرۇشاتتى. بۇ ئارقىلىق مال توشۇلغاندىن باشقا،
ھەر خىل مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈنمۇ پۇرسەت يارىتىپ
بېرىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەدەنىيەت تارقىتىش مەقسىتىدىكى
كىشىلەر بۇ سودىگەرلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكتىن،
بۇنداق جاپالىق سەپەرنى ئاسانراق ئىشقا ئاشۇرالايتتى.
ئۇلارنىڭ سودا قىلىش دائىرىسى كېڭەيگەنسېرى مەدەنىيەتنىڭ
ئۆزئارا تارقىلىش دائىرىسىمۇ شۇنچە كەڭ بولدى. ئۇلارنىڭ
سودا تەرەققىيات تارىخى مەدەنىيەت تارقىتىش تارىخى
بولدى. بولۇپمۇ سودا كارۋانلىرىنىڭ بېرىش-كېلىشى
سوغدىلارنىڭلا ئىشى ئەمەس ئىدى. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ
سودىگەرلىرىمۇ مۇشۇنداق پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىناتتى،
مەسىلەن، جۇڭگونىڭ سودا كارۋانلىرى خەن دەۋرىدىلا
يىراقتىكى غەرپكە بېرىپ تۇرغان ئىدى. لېكىن ئەڭ
مەشھۇر بولغىنى سوغدىلار ئىدى. بۇ يەردە سوغدىلارنىڭ
سودىسى توغرىسىدا توختىلىشىمىزدىكى سەۋەپ شۇكى،
ئۇنىڭ ئۆزىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەدەنىيەت
ھادىسىلىرى بولغاندىن باشقا، ئۇلار مەدەنىيەت تارقاتقۇچىلار
سۈپىتىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگەللىگەن ئىدى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىردە جاڭ چيەن
بۇ جاينى زىيارەت قىلغاندا، بۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ
سودا ئىشلىرىغا ماھىر ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقىنى يۇقىرىدا
بايان قىلدۇق. ئەلۋەتتە، ئۇ چاغلاردا سوغدىيانا سودى-
گەرلىرى جۇڭگو بىلەن تېخى بىۋاستە بېرىش-كېلىش
قىلمىغان ئىدى، جاڭ چيەندىن كېيىن جۇڭگو ئەھۋالىنىڭ
غەرپكە مەلۇم بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارمۇ خېلى



بۇرۇنلا يىراقتىكى جۇڭگوغا تۇتىشىدىغان سودا يولىنى
ئاچتى. ئالدىنقى خەن دەۋرىگە ئائىت خاتىرىلەردىن
كانگىيە (سەمەرقەنت) نىڭ خەن سۇلالىسىغا ئولپان
تاپشۇرغانلىقى توغرىسىدىكى سۆزلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.
بۇلارنىڭ ئىچىدە شەك-شۈبھىسىزكى، سوغدىيانا سودى-
گەرلىرىمۇ بار ئىدى. 1907-يىلى ئەنگلىيىلىك ستەيىن
تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان لوپنۇر كۆلىنىڭ
جەنۇپ تەرىپىدىكى خەن دەۋرىگە ئائىت تۇر خارابىسىدىن
مىلادىنىڭ 1-ئەسىرىگە ئائىت دەپ ھېساپلانغان بىر
پارچە سودا ھۆججىتىنى تاپتى (5-①رەسىمگە قاراڭ)①،
ئەمىلىيەتتە، ئۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدىغان ئەڭ قەدىمقى
تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. كېيىنكى خەن
دەۋرىدىن كېيىن، سوغدى دىگەن نام جۇڭگونىڭ تارىخىي
كىتاپلىرىدا 粟特、粟戈 ياكى 康国 دەپ خاتىرىلەنگەن
ھەمدە بۇ يەردىكى ئەلچىلەرنىڭ ئولپان تاپشۇرغان-
لىقى يەنى مۇشۇ يەرگە كېلىپ سودا ئىشلىرى
بىلەن شۇغۇللانغانلىقى توغرىسىدىكى ئىشلار خاتىرىلەن-
گەن. 16 بەگلىك دەۋرىدە، نۇرغۇن سوغدى سودىگەرلىرى
گۇزاڭ (ھازىرقى گەنسۇدىكى لياڭجۇ دىگەن يەر) غا كېلىپ
ئولتۇراقلاشقان. «ۋېينامە» نىڭ «سوغدى دۆلىتى»
ماددىسىدا: "بۇ دۆلەتنىڭ سودىگەرلىرى ئالدى بىلەن
لياڭجۇغا كۆپلەپ كېلىپ سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان،
ۋېي دۆلىتى گۇزاڭ (لياڭ جۇ) نى ئىشغال قىلغاندا،

① بۇ ھۆججەتنى Cowley دىگەن كىشى JRAS ،1911 P.159
لەرنىڭ ئاخىرىدا باستۇرغان ۋە ئىزاھلىغان. Gauthiot دىگەن كىشىمۇ شۇ
ژۇرنالنىڭ 1911-يىل نەشرى 98-بېتىنىڭ ئاخىرىدا ئىزاھلىغان. شۇ ژۇرنالنىڭ
1912-يىل نەشرىنىڭ 341-بەت ئاخىرىدا قارالسۇن.

ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئەسىرگە ئالغان. گاۋزۇڭنىڭ (452 — 465) دەسلەپكى مەزگىلىدە، سوغدى پادىشاسى كەچۈرۈم سوراپ ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتكەن. پادىشا گاۋزۇڭ يارلىق چۈشۈرۈپ ئەسىرلەرنى قايتۇرۇپ بەرگەن" دېگەن خاتىرىلەر بار. سوغدىيانىدىكى كىشىلەرنىڭ ئاساسەن سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك قىزىقارلىق خاتىرىلەرمۇ بار. مەسىلەن، سۈي دەۋرىدە ئۆتكەن ۋېي جېنىڭ «غەربىي تاڭغۇت توغرىسىدا خاتىرىلەر» دېگەن ئەسىرىدە① :كانگىيە (يەنى سەمەرقەنت) لىكلەرنىڭ ھەممىسى سودا ئىشلىرىغا ماھىر ئىكەن، ئوغۇللىرى بەش ياشتىلا ساۋادىنى چىقىرىدىكەن، كىچىگىدىن تارتىپلا سودىگەرچىلىكنى ئۆگىنىدىكەن، پايدا ئېلىشقا ئۇستا ئىكەن، دېيىلگەن. «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانى»② دېگەن كىتاپتا: سەمەرقەنتلىكلەر يېڭىدىن تۇغۇلغان بالىلىرىغا ئالدى بىلەن ھەسەل يىگۈزىدىكەن، قولىغا يېلىم تۇتقۇزىدىكەن. بۇ، بالىلىرىنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن ئاغزىدىن دائىم ھەسەلدەك تاتلىق سۆز چىقىشىنى، قولىغا پۇل كىرسە، پۇلنىڭ يېلىمدەك چاپلىشىپ قېلىشىنى، سودا ئىشلىرىدا ئەپچىل بولۇشىنى، بىر تىيىن پايدىنىمۇ قولىدىن چىقارماسلىقنى ئۈمىت قىلغانلىقى ئىكەن. ئوغۇللىرى 20 ياشقا كىرگەندە، ئۇلارنى چەت دۆلەتلەرگە سودا قىلىشقا ئەۋەتىدىكەن، ئۇلاردىن شامغا (ھازىرقى ئىراققا) بارغانلىرىمۇ بار ئىكەن، پايدا ئالغىلى بولىدىغانلىكى يەرگە

① «قامۇس» 193 - جىلد، «چېگرا مۇراپىئەسى دەستۇرى».— «كانگىيە دۆلىتى ھەققىدە بايان» دىن نەقىل كەلتۈرۈلدى.

② «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانى» 99-جىلد، «كانگىيە (سەمەرقەنت) ھەققىدە بايان».



زادى بارماي قويمايدىكەن، دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنداق خاتىرىلەر باشقا كىتاپلاردىمۇ ئۇچرايدۇ. سۈي سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى ياڭدى خان زامانىسىدا غەربىي يۇرت سودىگەرلىرىنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ۋەقەلەر توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغان ۋە «غەربىي يۇرت توغرىسىدا رەسىملىك خاتىرە» دېگەن كىتاپنى يازغان مەشھۇر پېيجۈي دېگەن كىشى ياڭدى خانغا، سوغدىلىق سودىگەرلەرنىڭ تەرەپ-تەرەپلەرگە بېرىپ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە ماھىر ئىكەنلىگىنى دوكلات قىلغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار سودىدا پايدا قوغلىشىپ، ناھايىتى يىراق يەرلەرگە بېرىپ كېلەتتى. پېرسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپا تۇرماق، 3-ئەسىردە ھەتتا جەنۇپتا ھىندىستانغا ۋە جياۋجىژ (ھازىرقى جەنۇبىي ۋيېتنام) غىچە بارغان ئىدى. جۇڭگونىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ئۇلارنىڭ ئىزلىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىچكى-تاشقى موڭغۇلىيەلەرمۇ ئۇلارنىڭ دائىم بېرىپ تۇرىدىغان يېرى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلار مەيلى روناق تاپقان دۆلەت بولسۇن ياكى روناق تاپمىغان دۆلەت بولسۇن، پايدا بولسىلا بارماي قالمايتتى. جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى چەبدەس كوچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان خېرىدارلىرى ئىدى. كېيىنكىلەرنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىدىن تالان-تاراج قىلىپ تاپقان بايلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى مۇشۇ سودىگەرلەر ھىلىگەرلىك ۋاستىلىرى بىلەن تارتىۋالاتتى. سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدىكى ئىشلارنى تەكشۈرگەندە، بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا ئالدىنقى دەۋرلەردىن باشلاپ، مۇشۇ ھىلىگەر سوغدىلار ھەمىشە

شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۇزۇلدۇرمەي جەنۇپقا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۇلارنى كۈشكۈرتكەن ۋە تىزگىنلىگەنلىكى شۈبھىسىز، بۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ.

سوغدىلارنىڭ يىراق-يىراقلارغا بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان ۋەقەلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئۇلار بارغانلىكى جايلاردا يا چوڭ، يا كىچىك تۇرالغۇ جايلارنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار بەلگىلىك بىر قاتناش لىنىيىسىدە ئۇزۇن يىللارغىچە قاتناپ تۇرغانلىقتىن، بۇ قاتناش لىنىيىسىدە ئۇلارنىڭ ئۆز قېرىنداش-لىرى تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان شەھەر-بازارلارنىڭ بولۇشى شەك-شۈبھىسىز. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇلار (باياتىلغا ئېلىنغان لياڭجۇدىكى سوغدىلاردەك) تاسادىپى ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىنىڭ يىراقتىكى يۇرتىغا ۋاقتىنچە قايتالمىغان، ياكى مەلۇم بىر جاينى مۇداپىئەسىنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ بېسىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن، بۇ جايلاردا مەڭگۈ ياكى ۋاقىتلىق ئولتۇراقلاشقۇچىلارنىڭ مەھەللىلىرى پەيدا بولغان. مەدەنىيەت جەھەتتىن قارىغاندا، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى بويلاپ ھەرقايسى جايلارغا بارىدىغان يول بويلىرىدا سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدىن باشلاپلا مۇشۇنداق مەھەللىلەر بارلىققا كەلگەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ۋاقتىنى تېخىمۇ ئۇزاققا سۈرۈپ ھېسابلاشقىمۇ بولىدۇ. بۇ جايلار مۇشۇنىڭ بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ، يەنە باشقا جايلارمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇنداق بىر ئىشقا دىققەت قىلىش لازىمكى، ئۇلار ئىچىدىكى نۇرغۇن



كىشىلەر يەرلىك ئاياللار بىلەن توي قىلىپ، شۇ يەرنىڭ ئاھالىسى بولۇپ قالغان ۋە ئەۋلات قالدۇرغان. مەسىلەن، تاڭ دەۋرىدە تيەنباۋ يىلىدىكى توپىلاڭنى قوزغىغان ئۆڭلۈك دېگەن كىشى ئەسلىدە يىڭجۇ (شەرقىي موڭغۇلىيە) لىك شالغۇتلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى بەلكىم غەربىي يۇرتتىكى كانگىيە يەنى سەمەرقەنتلىك خۇ (يات مىللەت-مۇھەررىر ئىزاھى)، ئانىسى تۈرك بولۇشى مۇمكىن①. ئۇ ئاتا كەسىپىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، دەسلەپتە سودا-سېتىقتىكى دەللاللىقتىن كۆتۈرۈلگەن. بۇ، سوغدىلارنىڭ شەرققە پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى توغرىسىدىكى بىر مىسال.

سوغدىلارنىڭ سودا پائالىيەتلىرى ئارقىسىدا، سەمەرقەنت ۋە سوغدىيانىدىكى شەھەرلەر ئىنتايىن بېيىپ كەتتى. ئەرەبلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن چاغدا سەمەرقەنت ۋە بۇخارالارلا ئەمەس، بەلكى يەنە پايكەند (Pykanad)، كۇشانىيە (Kushaniyə) قاتارلىق نۇرغۇن شەھەرلەرمۇ ئاۋاتلىقتا داڭ چىقاردى. ئۇ جايلاردا نۇرغۇن چوڭ بايلار بارلىققا كەلدى، ئۇلار كۆپلىگەن يەرلەرنى ئىگىللىدى. ئۇلار قاتتىق مۇداپىئە قىلىنغان شەھەر ئىچىدە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، جايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدەك مەرتىۋىگە ئىگە ئىدى. كېيىن بۇ جايلاردىكى تۈرلۈك سودا بىرلەشمىلىرى تۈزۈمى راۋاجلىنىپ، خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق ھەركەتلىرى چەكلەندى. لېكىن ئەرەبلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرى بۇ تۈزۈم تېخى

① «دوكتور ساگيۇەن يازغان «ياپونىيىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە مۇھاكىمە-لەر» 367-بەت «ئوڭلۈكنىڭ كېلىپ چىقىشى».

راۋاجلانمىغانلىقتىن، تامامەن باي سودىگەرلەر پادىشالىغى
ھالىتى بارلىققا كەلگەن ئىدى. ئەتراپتىكى كەمبەغەل باتۇر
مىللەتلەرنىڭ بۇ بايلىق ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇ-
رۇشى، ئەلۋەتتە، مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شىمالدىكى مىللەتلەر-
نىڭ تارىختىكى كۆپ قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىغى ۋە ئەرەپلەر-
نىڭ تاجاۋۇزچىلىغى مۇشۇ يەرلەرنىڭ بايلىغىنى تالان - تا-
راج قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. بەزىدە ئۇلار بۇ يەرلەر-
نى بىر يولىلا پاك - پاكىز قۇرۇقداپمۇ قوياتتى. بۇ، سوغ-
دىلارنىڭ سودا ئىشلىرى بىلەن ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەربى يۇ-
رۇش قىلىشى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش مۇناسىۋىتى ئىدى.
سوغدىلار «ھەسەل ۋە يىلىم» دىن ئىبارەت ھىلىگەرلىك
ۋاستىسى ئارقىلىق سوغدىيانا زىمىنىغا بايلىق توپلىسا، ئەت-
راپتىكىلەر ئۇنى دەرھال قورال كۈچى بىلەن تارتىۋالاتتى.
كېيىن سوغدىلار ئۇنى يەنە تېجىلىق ۋاستىسى ئارقىلىق قاي-
تۇرۇۋالاتتى، بۇنداق ئەھۋال ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ
تۇراتتى.

قىسقىسى، ئوتتۇرا ئاسىياغا تاڭ نۇرى چېچىلغان دە-
ۋردە ئىران مىللىتىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچىنى جارى قىلد-
دۇرغان سوغدىلار شۇنىڭدىن كېيىن ئۈزلۈكسىز تاجاۋۇز قىلىپ
تۇرغان شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ زۇلمىغا ئۇچراپ تۇرغاز-
لىقتىن بولسا كېرەك، ئۇزلىرىنىڭ تەبىئى جۇغراپىيىۋى شا-
رائىتىدىن پەيدىن - پەي پايدىلىنىپ، كەڭ دۇنيا سودىسى
بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. پايدا تاپقىلى بولىدىغانلىكى
يەرگە ئۇلارنىڭ قەدەمى يەتمەي قالمىدى.



ئۈچىنچى باپ

# سوغدى تىلى ۋە تەڭرى، تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا كەڭ قوللىنىلغان تىللار

قەدىمقى زاماندا ناھايىتى كەڭ قوللىنىلغان سوغدى
تىلىنىڭ زادى قانداق تىل ئىكەنلىگى بىزگە ئاساسەن نا-
مەلۇم. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇيان ھەرقايسى
ئەللەرنىڭ تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا ئېلىپ بارغان تەك-
شۈرۈشلىرى ۋە مۇشۇ ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى تەت-
قىق قىلغۇچى ئالىملارنىڭ تىرىشچانلىغى ئارقىسىدىلا، سوغدى
تىلى ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى غەربىي يۇرت ئەل-
لىرىدە كەڭ قوللىنىلغان، ئەمما ئاللىقاچان يوقالغان تۆرلۈك
تىللار كىشىلەرگە مەلۇم بولدى. ھازىر مۇشۇ تەكشۈرۈش
ئىشلىرىنىڭ جەريانىنى قىسقىچە بايان قىلىمىز.

تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ ئوتتۇرى-
سىدا چوڭ قۇملۇق بولۇپ، بۇ قۇملۇق ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ
تۇرغانلىقتىن، ئىنسانلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىنى كۆمۈۋەتكەن.
خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى 36 بەگلىك ياكى 50 نەچچە
بەگلىكنىڭ كۆپچىلىگى ھازىرغىچە قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ
ياتماقتا. لېكىن بۇ يەرنىڭ ھاۋا ئىقلىمى قۇرغاق، ھۆل-
يېغىن مىقدارى ئاز بولغانلىقتىن، نەرسە - كېرەكلەر قۇمغا
كۆمۈلۈپ قالسا ئاسان بۇزۇلمايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيت-

قاندا، بۇ يەر ئىنتايىن ياخشى ئامبار. كومۇلۇپ قالغان بۇ بۇيۇملار تاسادىپىي هالدا ياكى بايلىق ئىزلىگۈچىلەرنىڭ قېزىشى ئارقىسىدا ئارقا-ئارقىدىن تېپىلدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ياۋروپانىڭ شەرقشۇناسلىق ساھەسى شەرق-غەرپ مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولىغا جايلاشقان بۇ يەرنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا پەيدىن پەي ئەھمىيەت بەردى ۋە بۇ جەھەتتە تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن، قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار ئۇ يەرلەردىكى خىرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ ياۋروپاغا تونۇشتۇرۇلدى، بۇ، ئالىملارنى ناھايىتى كۆپ قىزىقتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلمىي ساھەدىكىلەرنى ھەممىدىن بەك زىلزىلىگە كەلتۈرگىنى 1890-يىلى ئەنگلىيىلىك كاپىتال باۋېر (Bower) تېپىپ چىققان نەرسىلەر بولدى. ئۇ كۇچا (يەنى قەدىمقى كۈسەن)نىڭ غەربىي قىسمىغا كومۇلۇپ قالغان بۇددا مۇنارىسىنى تەكشۈرۈپ، ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ قولىدىن شۇ جايدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمقى قولىيازمىنى سېتىۋالدى. باۋېر بۇ نەرسىلەرنى ھىندىستاندا تۇرۇۋاتقان ئەنگلىيىلىك ئالىم ھورنلې (Hoernle) غا تەقدىم قىلدى. ھورنلې بۇنىڭ ناھايىتى قەدىمقى قولىيازما ئىكەنلىكىنى تونۇۋېلىپ، ئۇنى ياۋروپانىڭ تەتقىق قىلىشىغا سۇندى، نەتىجىدە ئۇ 5-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېزىلغان دورىگەرلىك كىتاۋى ھەم بۇنىڭدىنمۇ قەدىمقى بۇددا نومى دەپ قارالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىلمىي ساھەدىكىلەر ئىچىدە قاتتىق داۋراڭ قوزغالدى. ئۇزاق ئۆتمەي جەنۇپتىكى خوتەندىن قېزىۋېلىنغان قېيىن قوۋزىقىغا ۋە قەغەزگە يېزىلغان قەدىمقى



دەستۇر، ھۆججەت، ئۇنىڭدىن باشقا قەدىمقى پۇل، قوچاق، فارفۇر قاچا-قۇچا قاتارلىقلارمۇ ئىلمىي ساھەدىكىلەرگە تونۇشتۇرۇلۇپ، قەدىمقى زامان مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال دەپ قارالدى، تېخى قېزىۋېلىنمىغان تۈرلۈك ماتېرىياللار كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى تېخىمۇ قوزغىدى. شۇ چاغلاردا بەزى ياۋروپا ئالىملىرى تۈرلۈك ئىلمىي تەتقىقاتلارنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ جايلارغا كەلدى. ھەممە يەرلىك كىشىلەرنىڭ قولىدىن ماتېرىيال سېتىۋالىدىغان ئەھۋالنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ، ئۆزلىرى قول سېلىپ قېزىپ توپلىدى. ئۇلارنىڭ دوكلاتىدىن قارىغاندا، مەدەنىي يادىكارلىقلار كۆمۈلۈك جايلارنىڭ ئىزىنى بىلىدىغان ئادەملەر ئاز ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلىم ساھەسى تەشكىللىك ھالدا ئۇ جايلارغا قېدىرىش ئەترىتى ئەۋەتىش زۆرۈرلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇڭا، 1899-يىلى رىمدا چاقىرىلغان خەلقارا شەرقشۇناسلىق يىغىنىدا روسىيىلىك پروفېسسور رادلوف ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يىراق شەرقنى تەكشۈرۈش بويىچە خەلقارا جەمئىيەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. 1902-يىلى ھامبورگدا چاقىرىلغان خەلقارا شەرقشۇناسلىق يىغىنىدا بۇ جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكالاندى. زىمىن مۇناسىۋىتى جەھەتتىكى ئوڭايلىق تۈپەيلىدىن، روسىيەدە بۇ جەمئىيەتنىڭ باش شىتاۋى قۇرۇلدى، جەمئىيەت قۇرۇشقا قوشۇلغان دۆلەتلەردە تارماق شىتاپ قۇرۇلۇپ، بۇ ئىشلار ھەمكارلىق ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، روسىيە ۋە فىنلاندىيە قېدىرىش ئەترىتى تاشقى موڭغۇلىيىدە قەدىمقى تۈركلەر ۋە موڭغۇللار قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشتى. 1900-يىلى

ستەيىن خوتەندە كەڭ كولەملىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئارقىلىق كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، بۇ جەمىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

جەمىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ياۋروپا ئەللىرى بەس-بەس بىلەن بۇ جايلارغا تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىشكە باشلىدى. ئەنگلىيىلىك ستەيىن 1900-يىلى تۇنجى قېتىملىق تەكشۈرۈشنى باشلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىككى قېتىم تەكشۈردى (4-قېتىم بۇ جاينىڭ سىياسىي ئەھۋالى تۈپەيلىدىن نەتىجىسىز قايتىپ كەتتى). گېرمانىيە تەرەپتىن گرونۋېدېل، لې كوك، فرانسىيەدىن پېللىيوت (Pilliot) روسىيەدىن ئولدېنبۇرگ (Oldenburg) ۋە باشقىلار ئەۋەتىلدى. ياپونىيەدىن يىداگۇ گۇاڭرۇينىڭ پىكرىگە ئاساسەن، 1902-يىلدىن بۇيان گۇدۇبىيەن، جۇي، يىسۇن، جىچۇەنلەر ئارقا-ئارقىدىن ئەۋەتىلدى. 1927-يىلى يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ داڭقى چىققان شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن بىلەن جۇڭگو ئالىملىرىدىن تەركىب تاپقان غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى بۇ جايلارنىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان مول ماتېرىياللارنى توپلىدى، ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ، غەربىي يۇرتنىڭ تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا دەۋر بۆلگۈچ قەدەم تاشلانغانلىقىنى نامايەن قىلدى. بىزنىڭ ھازىر سوغدى تىلى ۋە تەگرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى يوقالغان تىللارغا دائىر بىلىملىرىمىزنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئىشلارغا تايىنىپ قولغا كەلگەن.

ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرۈش



ئۆمەكلىرى قولغا كەلتۈرگەن نۇرغۇنلىغان يېزىق ماتېرىياللىرى تامامەن چۈشىنىكسىز ئۈچ خىل تىلدا يېزىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرسى تەكشۈرۈلگەن جايدىن تېپىلدى. ئۇ، غەربىي يۇرت قاتناش يولىدا كەڭ قوللىنىلغان تىل ئىدى. ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئالىملىرى بەس-بەس بىلەن تەتقىق قىلغانلىقتىن، بۇ كىتابلاردا يېزىلغان ئاي ناملىرى بىلەن 11-ئەسىردە ئۆتكەن يازغۇچى ئابۇرەيھان بىرۇنىنىڭ كىتاۋىدا خاتىرىلەنگەن سوغدى تىلىدىكى ئاي ناملىرىنىڭ بىردەك ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، شۇنىڭ بىلەن، بۇ تىل سوغدىلار قوللانغان تىل دەپ ھۆكۈم قىلىندى. سوغدىيانا ۋە سوغدىلار باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئوتتۇرا ئاسىيادا تاڭ نۇرى پارلىغان دەۋرلەردە كىشىلەرگە مەلۇم بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى مەلۇم ئەمەس ئىدى. قەدىمقى دەۋردە ئۆتكەن ستىرابون سوغدىلار بىلەن پېرسىيەنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئادەملەر بىر خىل تىلدا سۆزلىشەتتى، دېگەن ئىدى. كېيىن بۇددا نوملىرىنىڭ پىركامىل ئۆلىماسى شۈەن جۇاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەرپكە قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتاۋىدا سوغدىلارنىڭ تىل-يېزىقى ئاز-تولا بايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئەزەلدىن ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىگىلەش مۇمكىن بولمىغان ئىدى. ھازىر مۇشۇ تىلدا يېزىلغان تۈرلۈك دىنىي كىتابلار ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئائىت خەت-چەكلەر (5-رەسىم ① گە قاراڭ)، كالىندار، يادنامە قاتارلىقلار تېپىلدى، ئۇنىڭ ۋاقتىنى مىلادى 1-ئەسىرگىچە سۈرۈشكە بولىدۇ. بۇ يادىكارلىقلار تەگرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىنلا ئەمەس، بەلكى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى

دۇنخۇاڭدىن ۋە تاشقى موڭغۇلىيەلەردىنمۇ تېپىلدى. بۇ
سوغدىلار بارغانلىكى جايلاردا سوغدى تىلىنىڭ ئازدۇر-كۆپ-
تۇر قوللىنىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ پاكىتقا سوغدى
مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشى نۇقتىسىدىنمۇ ئەھمىيەت بېرىش
لازىم. دىنىي كىتابلارنىڭمۇ سوغدى تىلىدىن خەنزۇچە ۋە
تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغانلىرى ئاز ئەمەس.

چۈشىنىكسىز تىللارنىڭ ئىككىنچىسى ئاساسەن ھازىرقى
خوتەن (قەدىمقى يوتقان) دىن قېزىۋېلىنغان ھۆججەتلەر-
دىن تېپىلدى (4-رەسىم ① گە قاراڭ). بۇ، تۈركلەر
تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرى شۇ جايلاردىكى كىتابلاردا
ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتا قوللىنىلغان تىل بولۇشى كېرەك.
شۇڭا بۇ تىلنى بەزى ئالىملار يوتقان تىلى يەنى خوتەن
تىلى دەپ ئاتىدى. بەزىلەر بۇ تىلنىڭ خاراكتېرىگە ئاسا-
سەن ئۇنى ئىران تىللىرىغا مەنسۇپ دەپ قاراپ، شەرقىي
ئىران تىلى دەپ ئاتىدى، لېكىن ئىران تىلى دەپ ئاتالغان
بولسىمۇ، خوتەن تىلىنى سوغدى تىلىغا سېلىشتۇرغاندا ئۇ-
نىڭ ئىپتىدائىي ئالاھىدىلىكىنىڭ بۇزۇلۇشى تېخىمۇ كۆرۈنەر-
لىك بولغان. يەنە بەزىلەر ئۇنى خەنزۇچە تارىخىي كىتاپ-
لاردىكى ئۇلۇغ ياۋچىلار تىلىغا يەنى كۇشان تىلىغا ئوخشاپ
كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئومۇمەن بۇ، يوتقانلىقلارنىڭ تىلى
ئىدى، بۇ تىلنىڭ خۇسۇسىيىتىمۇ ناھايىتى ئايدىڭ. يەنە
ئۇلارنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدىغان خاتىرىلەر
ۋە رەسىملەردىن پايدىلىنىدىغان بولساق، يوتقانلىقلارنىڭ
ئىران ئىرقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

چۈشىنىكسىز 3-خىل تىلنى A ۋە B دەپ ئىككى
خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ، قەدىمقى سۇلىي (سۇلۇق يەنى قەش-



قەر)، گۇسەن (كۇچا)، كىنگىت (قارا شەھەر) ۋە قوچۇ
(ئىدىقۇت يەنى تۇرپان) لاردىن يەنى تەڭرى تاغلىرىنىڭ
ئېتەكلىرىدىكى شىمالىي يول بويىدىكى جايلاردىن مۇشۇ تىل
توغرىسىدىكى ماتېرىياللار تېپىلدى. لېكىن شۇنىڭغا دىققەت
قىلىش لازىمكى، A خىل تىل قەدىمقى گۇسەندىن (ھازىر-
قى كۇچادىن) زادى تېپىلمىدى، بۇ تىلدا يېزىلغان نەرسە-
لەرمۇ بۇددا نوملىرى بىلەنلا چەكلەندى. B خىل شىمالىي
يول بويىدىكى جايلاردا كەڭ قوللىنىلغان. شۇنىڭ بىلەن
بىللە، ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا قوللىنىلغان تىل ئىكەن-
لىكى، يول خېتى، تام رەسىملىرىگە يېزىلغان بېغىشلىمىلاردا
قوللىنىلغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. بۇ تىلنى قايسى ئىسىم
بىلەن ئاتاش مەسىلىسى توغرىسىدا بىرنەرسە دېيىش تەس.
شۇ جاينى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە قولغا چۈشۈرۈلگەن
قەدىمقى تۈرك تىلىدىكى «مايتىرى سىمىت» دېگەن كىتاپ-
نىڭ خاتىمىسىگە قارىغاندا، بۇ دەستۇر ھىندى تىلىدىن
توخار تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، كېيىن توخار تىلىدىن
تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان. شۇڭا، چۈشىنىكسىز بۇ تىل
مۇشۇ جايدا قوللىنىلغان توخار تىلى بولسا كېرەك دەپ
قارالماقتا. كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق
قىلىش ئارقىلىق، تۈركچە «مايتىرى سىمىت» تا مۇشۇ چۈ-
شىنىكسىز تىلنىڭ سوز-ئىبارىلىرى بارلىقى ياكى مۇشۇ
چۈشىنىكسىز تىل ئارقىلىق كىرگەن سانسكرىتچە سوز-ئىبا-
رىلەرنىڭ بارلىقى مەلۇم بولدى، بۇمۇ خاتىمىدە ئېيتىلغان
گەپكە ماس كېلىدۇ. شۇڭا بۇ تىلنىڭ توخار تىلى ئىكەنلى-
كىنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار كۈچلۈكرەك ئاساسقا ئىگە. بۇ
تىلنىڭ A دىيالېكتى بىلەن B دىيالېكتىنى ئوتتۇرىسىدا

خېلى چوڭ پەرق بار، تارقىلىش ئەھۋالى ھەم ئىشلىتىلىش مەقسىتىمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇ تىللارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى توخار تىلى دەپ ئاتاش كېرەكمۇ ياكى بىرسىگىلا مۇشۇ ئىسىمنى قوللىنىش بىلەن چەكلىنىش كېرەكمۇ دىگەن مەسىلىدە يەنىلا تالاش-تارتىش مەۋجۇت. ھازىر ئەھۋالدىن قارىغاندا، پەقەت A خىل تىلنىلا مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئاتاشقا بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، B خىل تىل ھەققىدە تۈرلۈك دەلىل-ئىسپاتلار بار، شۇڭا ھازىر ئۇنى كۇسەن تىلى دەپ ئاتاش بىر قەدەر مۇۋاپىق① (4-رەسىم② گە قاراڭ).

بۇلار — ئۈچىنچى خىل چۈشىنىكسىز تىلغا ئىسىم قويۇش مەسىلىسى. بۇنىڭ ئىچىدە B خىل تىل كېيىچكىتى دىگەندىمۇ 1-ئەسىردە كۇسەننى مەركەز قىلغان شىمالىي يول بويىدىكى كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا قوللىنىدىغان

① 4-باپتا بۇددا نوملىرى توغرىسىدا ئېيتىلغاندەك، ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر بۇددا نومىنىڭ خاتىمىسىدە كۇسەن تىلىدىن توخار تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى، ئاندىن توخار تىلىدىن تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئېيتىلغان. بۇ يولدىكى كۇسەن تىلى دىگەن ئىسىمنى پادىشا كانىشكا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، كىشىلەر پەرەز قىلىدىغان "كۇشان" دەپ چۈشەندۈرۈش ياۋروپا ئىلىم ساھەسىنىڭ مۇقىم تەلىماتى بولۇپ قالدى. مەن 1930-يىلى ئۇنىڭ خاتا يېرىنى كۆرسىتىپ، ئۇنى كۇسەن تىلى دەپ ئاتاش كېرەكلىكى توغرىسىدا دەلىل-ئىسپات كۆرسەتكەن ئىدىم (تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان مانىخېيچىلارنىڭ ئۇيغۇرچە قەسىدىلىرى — دوكتور سالى يۈەن قايتا خاتىرىلىگەن «ياپونىيە تارىخى ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەر»). 1930-يىلى پېللىيوت فرانسىيىدە چىقىدىغان ئاسىيا شۇناسلىق گېزىتىدە توخار تىلى بىلەن كۇچا تىلى توغرىسىدا ئۇزۇن ماقالا ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا مېنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىم چۈشەندۈرۈلدى ھەمدە ئۇزاقتىن بېرى بەلگىلەش مۇمكىن بولمىغان 1-خىل تىلنىڭ B دىيالېكتىنى كۇسەن تىلى دەپ قاراش كېرەك، دەپ ھۆكۈم قىلىندى. لېۋى فرانسىيىدە چىقىدىغان «ئاسىياشۇناسلىق گېزىتى» دە ئېلان قىلغان» B خىل توخار تىلى ھەققىدە» دىگەن ماقالىسىدا باشقا جەھەتتىن بۇ تىلنى كۇچا تىلى دەپ ئاتاش لازىملىقىنى دەلىللىدى.



تىلى ئىدى. بۇ نۇقتا شەك-شۈبھىسىز. ئەمما A خىل توخار تىلىنى قانداق كىشىلەر قوللانغان؟ بۇ تىل بىلەن يېزىلغان ماتېرىياللار نېمە ئۈچۈن كۇسەن دائىرىسىدىن تېپىلمىدى؟ دىگەندەك مەسىلىلەرنى ھازىرچە تولۇق چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. توخار دىگەن ئىسىم تەۋرەنمەس ئىكەن، ئۇنداقتا بۇ تىل شەك-شۈبھىسىزكى، توخار دىگەن يەر بىلەن ۋە ئۇ يەردىكى ئېرق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى لازىم① ئەمما ئۇ سىتىرابون قاتارلىقلارنىڭ خاتىرىلىرىدىكى قەدىمقى توخار تىلى دىگەن نام بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ-قانداق، ياكى مۇشۇ تىلدىكى ماتېرىياللار بارلىققا كەلگەن دەۋر — تاڭ دەۋرىدىكى توخارلار بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ-قانداق دىگەن مەسىلە كەلگۈسىدە ھەل قىلىشقا قالدۇرۇپ قويۇلدى.

مۇشۇ تىل توغرىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم مەسىلە ئۇنىڭ خاراكتېرى مەسىلىسى. بۇ تىلنىڭمۇ ھىندى-ياۋروپا تىللىرىنىڭ بىر خىلى ئىكەنلىكى ئاللىقاچان ئايدىڭلاشقان ئىدى. ئەمما بۇ تىلنىڭ قۇرۇلمىسى بايىقى سوغدى تىلى ۋە شەرقىي ئىران تىلى (قەدىمقى يوتكان تىلى) نىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ شەرق تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولماستىن، غەرپ تىللىرى سىستېمىسىدىكى ياۋروپا تىللىرىغا ئوخشاپراق كېتىدۇ. تاق سوزلەردىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋاللار بار. بۇ ئەھۋاللارنى قانداق چۈشەندۈرۈش توغرىسىدا تۈرلۈك پاراڭلار بولسىمۇ، ھازىرغىچە بىرەر تۇراقلىق تەلىمات يوق. قانداق چۈشەندۈرۈلۈشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇ تىلنىڭ تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى شىمالىي يول بويىدا كەڭ قوللىنىلغانلىقى — ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان پاكىت. بۇ تىلنى

قوللانغان كۇسەنلىكلەرنىڭ ئىرقى قىياپىتىنىمۇ مۇشۇ يەردىن تېپىلغان رەسىملەردىن كورۇۋالغىلى بولىدۇ. بۇ تىلىنىڭ خۇسۇسىيىتىدە ئىپادىلەنگىنىدەك، ئۇلار شەك - شۈبھىسىزكى، تۈرك ئىرقى ئەمەس، بەلكى ئارىيان ئىرقىنىڭ بىر خىلى①.

توتىنچى باپ

# غەربىي يۇرتقا تارقالغان خىلمۇ خىل دىنلار ۋە ئۇلارنىڭ دەستۇرلىرى

## 1. زورو ئاستىرا دىنى

باكتىرىيىدە ئىجات قىلىنغان زورو ئاستىرا (ئاتەش پەرەستلىك) دىنى ئاخمېنىدلار سۇلالىسىنىڭ ھىمايىسىدە ئىران مىللەتلىرىگە تېز تارقالغان، ئۇنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «زېند - ئاۋېستا» دا قەيت قىلىنغان سوغدىيانا، مەرگىيانا (خوراساننىڭ كونا نامى)، باكتىرىيە، ھىركانىيە (Hirkania)، پەرغانە قاتارلىق جايلارنىڭ مۇشۇ دىن مۇرتلىرىنىڭ ماكانى بولغانلىقىدىن قارىغاندا، بۇ دىن ناھايىتى قەدىمى زامانلاردىن باشلاپلا ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئىران مىللەتلىرى ئارىسىغا تارقالغان. بۇ دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرىدا قەيت قىلىنغان خاتىرىلەر، دەۋرلەر ۋە پاكىتلارنىڭ راست - يالغانلىقى ھەققىدە تەنقىدىي يوسۇندا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار خېلىلا كوپ، پىكىرلەرمۇ بىردەك ئەمەس. ئەمما تۇرلۇك ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، بۇ دىن ئىجات

① كېيىنكى 5 - باپقا قاراڭ.



قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا سوغدىيانىغا تارقالغان. ئەمما بۇ يەردىكى يازما يادىكارلىقلار بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەچكە، بۇ دىنىنىڭ بۇ يەردىكى كېيىنكى تەرەققىيات ئەھۋالى بىزگە ئاساسەن مەلۇم ئەمەس. مۇسۇلمانلار باستۇرۇپ كىرگەندە قالدۇرۇپ كەتكەن بىرقانچە تۇرلۇك خاتىرىلەر بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى بىز جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدا ئاندا - ساندا چېلىقىدىغان پارچە - پۇرات خاتىرىلەردىن قىياس قىلىپ يۇرۇپ بىرنەمە قىلىشتىن باشقا، پۇتۇنلەي ئامالسىز ئىدۇق.

جۇڭگونىڭ تارىخىي مەنبەلىرىدە زورو ئاستىرا دىنى ھەققىدىكى مەلۇماتلار 5 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ خاتىرىلىنىشكە باشلىغان. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلار دەۋرىدە شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە غەربكە ئەلچىلىككە بارغان دۇڭ ۋەن، گاۋ مىڭ قاتارلىقلارنىڭ كورگەن - ئاڭلىغان مەلۇماتلىرىغا ئاساسەن خاتىرىلىنىشى ئېھتىمال بولغان «ۋېي نامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى سەمەرقەنت ھەققىدە» دىگەن كىتابتا: "پۇقرالارغا جازا بەلگىلەيدىغان قانۇن ئاتەشپەرەستلىك دىنىنىڭ ئىبادەتخانىسىغا يېزىلىدىكەن، جازا شۇنىڭغا ئاساسەن كېسىلىدىكەن دىيىلگەن. بۇ يەردىكى ئاتەش (祆)① ئاسمان تەڭرىسى ۋە ئوت تەڭرىسىگە نەزىر - چىراق قىلىشنى كورسىتىدۇ. "祆" دىگەن خەت جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شۇ دىننى ئىپادە قىلىش ئۇچۇن يېڭىدىن ئىجات قىلىنغان. شۇ چاغدا، بۇ يەردە بۇددا دىنى ھەم

① «تەڭرى بىلەن ئاتەش ۋە تىلەنتاغ» («تارىخ مەجمۇئەسى» 9 - جىلد 1 - دەپتەرگە قارالسۇن.

مەۋجۇت بولسىمۇ، ئاتەش ئىبادەتخانىسىغا يېزىلغان قانۇنغا ئاساسەن پۇقرالارنىڭ جىنايەتلىرىگە ھوكۇم قىلىدىغان مۇنداق ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، جامائەت بىردەك مۇشۇ دىنغا ئېتىقات قىلغان بولۇشى ھەمدە تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە گۇناغا ھوكۇم قىلىدىغان ئادەت ھوكۇم سۈرگەن بولۇشى كېرەك. كېيىن مىلادى 628 - يىلى (؟) بۇ يەرگە زىيارەتكە بارغان بۇددا نوملىرىنىڭ پىر كامىل ئۇستازى شۈەن جۇاڭنىڭ سوزى① گە قارىغاندا، ئۇ چاغدا بۇددا دىنى ئېتىقادى ئاجىزلىشىپ، ئاتەشپەرەستلىك (ئوتقا چوقۇنۇش) لا ھوكۇم سۈرگەن ئىكەن. يەنە تەخمىنەن 100 يىل ئوتكەندىن كېيىن، بۇ يەرنى ئارىلاپ چىققان خۇي چياۋ② مۇ سەمەرقەنت ئەتراپىدىكى نۇرغۇن دولەتلەرنىڭمۇ زورو ئاستىرا دىنغا ئېتىقات قىلىدىغانلىغىنى قەيت قىلغان. مۇسۇلمانلار باستۇرۇپ كىرگەندىمۇ بۇخارا ۋە سوغدىيانىدىكى كوپلىگەن شەھەرلەر مۇشۇ دىنغا ئېتىقات قىلاتتى. بۇ ئەھۋالنى ئىسلام دىنىنىڭ نۇرغۇن خاتىرىلىرىدىن كورۇۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، 7 - ئەسىر③ دىكى بۇخارا ۋە خۇارەزىملەرنىڭ پۇلىغا بوك كىيگەن بۇت ۋە مۇقەد-

---

① «خەيرى ئىھسان ئىبادەتخانىسىدىكى پىر كامىل ئۇستاز تەزكىرىسى» 2 - جىلد «ساموننىڭ بەگلىك قورغانلىغى ھەققىدە» گە قارالسۇن.

② دۇنخۇاڭدىن قېزىۋېلىنغان «بەش ھىندىيە بەگلىكلىرى تەزكىرىسى» دە: بۇخارا، كېبۇد (ئۇرە - توپە)، شەھرىسەبىز، تاشكەنت، شىراز، مايمارغ (ماغيان)، سەمەرقەنت......بۇ ئالتە دولەت ھەممە ئىشتا ئاتەشپەرەستلىك يولىنى تۇتىدىكەن. بۇددا نوملىرىنى بىلمەيدىكەن، پەقەت سەمەرقەنت دولىتىدىلا بىر ئىبادەتخانا، بىر راھىپ بار ئىكەن. بۇنىڭغىمۇ ئانچە ئىززەت - ئىكرام قىلمىنمايدىكەن» دېيىلگەن.

③ بارتولد «موڭغۇللار ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان» 204 - ۋە 206 - بەتلەر.



دەس ئوت يېنىۋاتقان ئەزىر - چىراق سۈپىتىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. بۇمۇ بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئاتەشپەرەستلىك دىنغا ئېتىقات قىلىدىغانلىغىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئەھۋاللار جۇڭگونىڭ تارىخي مەنبەلىرىدە قەيت قىلىنغان خاتىرىلەر بىلەن ئوخشايدۇ. بۇ بوكىنىڭ نامى تاج دەپ ئاتىلاتتى، بۇنى ئاتەشپەرەستلەر كىيگەچكە، ئۇلار تاجىك دەپ ئاتالغان. ئەرەپلەر پىرسىيەنى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن، ئىككى مىللەت ئارىلىشىپ كەتكەن، شۇڭا مۇسۇلمان ئەرەپلەرمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. جۇڭگولۇقلار بولسا ئەرەپلەرنى (تاجىك) قاتارلىق 大石，大食 ناملار بىلەن ئاتىغان.

شۇنىڭ بىلەن، بۇ دىن ئىجات قىلىنغاندىن تارتىپ تاكى ئىسلام دىنى تارقالغانغا قەدەر سوغدىيانا رايونىدا ئۈزۈلۈپ قالماي داۋام قىلغان، ئەمما دولەت دىنىغا ئايلاندۇرۇلمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇددا، مانى ۋە خىرىستىيان دىنلىرىغا ئېتىقات قىلىشقا توسقۇن بولمىغان. ئۇنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق بولۇپ، پىرسىيەنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشكەن تۈزۈمىگە ئوخشىمايتتى. بۇ ھال، ئېھتىمال، يات مىللەتلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ئۇ يەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالغانلىغى ۋە چوڭ سودىگەرلەرنىڭ كەينى - كەينىدىن ئاق سۆڭەكلىك مەرتىۋىسىگە ئىگە بولۇۋالغانلىغى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. شۇڭا ئۇ دىن پېرسىيىدىكىدەك دولەت دىنى دەرىجىسىگە كوتىرىلەلمىگەن.

بۇ دىنىنىڭ سوغدىيانا رايونىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىغە ۋە شەرقىي شىمالىغا قانداق تارقالغانلىغىنى چۈشىنىشتە ئاساسلىقى جۇڭگو خاتىرىلىرىگە ئاساسلىنىمىز. جۇڭ-

گونىڭ تارىخىي كىتاپلىرىدىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بۇ
يەردىكى تاتار مىللىتى مۇشۇ دىنغا ئېتىقات قىلغان.① بۇ-
نىڭدىن باشقا، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلار دەۋرى ۋېي
سۇلالىسى زامانىدا بۇ دىن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى
قاراشەھەر، ئىدىقۇت② دىگەن جايلارغىمۇ تارقالغان ھەمدە
ۋېي سۇلالىسىدىن چى، جۇ سۇلالىلىرىغىچە بولغان
ئارىلىقتا جۇڭگوغا كىرگەن.③ ئېھتىمال، بۇ دىننى شەرقتە-
كى سوغدىلار جۇڭگوغا ئېلىپ كىرگەندە، جۇڭگو يۇمشاق
قوللۇق بىلەن بېقىندۇرۇش سىياسىتىنىڭ ئېھتىياجى يۈزى-
سىدىن قوغداپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىنچە، بۇ دىن-
نىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ھەققىدىكى خاتىرىلەر تەدرىجى
كۆپەيدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، قەشقەر،
خوتەن، ئېۋىرغول (ھازىرقى قۇمۇل)، دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرى-
دىن تارتىپ تاكى چاڭئەن، لوياڭلارغىچە بۇ دىننىڭ ئىبا-
دەتخانىلىرى قۇرۇلدى.④

## 2. بۇددا دىنى

ئاسوكا خاندانلىقى دەۋرىدە بۇددا دىنى ھىندىستاننىڭ
ئىچىگە ۋە سىرتىغا كەڭ تارقالغان، بۇ — بۇددا نوملىرىدا
بايان قىلىنغان مەشھۇر ۋەقە. بۇنىڭدىن باشقا، ھەققى تارى-

① «لياڭنامە» خۇارەزىم تەزكىرىسى».
② «ۋېي نامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى. قاراشەھەر، ئىدىقۇت ھەققىدە».
③ «ۋېي نامە. شۈەن ۋۇلىڭ خانىشىنىڭ تەرجىمىھالى» «سۈي نامە. قائىدە-
مۇراسىملار تەزكىرىسى» يۈي تيەنجېڭ: «تەڭرى بىلەن ئاتەشپەرەستلىك ۋە تىلەنتاغ».
④ چېن يۈەن: «زورو ئاستىرا دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقالغانلىقى ئۈستىدە
تەتقىقات».



خىي مەلۇماتلاردا بۇددا دىنىنىڭ ھىندىقۇش تاغ تىزمىلىرى-
نىڭ شىمالىي تەرەپلىرىگە تارقالغانلىقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى
ئىزلىرى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار، مىلادىدىن ئىلگىرىكى
بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېزىلغان ئالېكساندىر
پولىستور (Alexander polyhistor) خاتىرىلىرى① دە
ئەينى چاغدىكى باكتىرىيىدە ئۇلتۇراقلاشقان شامانى
(Samane) قەيت قىلىنىدۇ. بۇ سوز يۇقۇرىدا بايان قىلىن-
غان كۇسەن (كۇچا) تىلىدا يېزىلغان غەربىي يۇرتقا ئائىت
ھۆججەتلەردە ئۇچرايدىغان (Samane) نىڭ ۋە توخارچە،
سوغدىچە (Saman) دىگەن سوزنىڭ دەل ئۆزىدۇر. بۇ ھال
شۇ چاغدا بۇددىزىمچى شامانىنىڭ باكتىرىيەدە ئولتۇراقلاش-
قانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، بۇددا دىنىنىڭ سوغدى رايونىغا
قاچان كىرگەنلىكىگە ئېنىق ھۆكۈم قىلغىلى بولمىسىمۇ، ئەمما
مانى دىنى بۇ يەرگە كىرىشتىن 270 يىل بۇرۇن بولۇشى
كېرەك دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن (تەپسىلاتىنى تۆۋەندىن
كۆرۈڭ). بۇنىڭغا بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگوغا كىرىش ئەھۋالىغا
قاراپمۇ ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى چاغلار-
دا جۇڭگوغا بېرىپ بۇددا دىنىنى تارقاتقان كىشىلەر كانگى-
يىلىك (سەمەرقەنتلىك) راھىپلاردىن كاڭ جۈي، كاڭ مىڭ-
شياڭ، كاڭ سىڭكەي قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار 2 - ئەسىرنىڭ
ئاخىرلىرىدىن 3 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا
خەن، ۋېي خاندانلىقلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بۇددى-
زىم ساھەسىدىكى ئەرباپلار ئىدى. بولاردىنمۇ بۇرۇن ئارساك
(پارتىيە) شاھزادىسى، مەشھۇر راھىپ ساكانىڭ 2 - ئەسىر-

① «ھىندىستاننىڭ كېلىچىكى توغرىسىدا تەلىمات» II - قىسىم. 1073.
(Lassen Indische Alerterthums kunde II ·S

نىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (كېيىنكى خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى خۇەندى خان زامانىسىدا) جۇڭگوغا كېلىپ بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن كېيىن ئارساك راھىپلىرىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن شەرققە كەلگەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ئارساك-نىڭ شەرقىي خوشنىسى سوغدىيانادىمۇ بۇددا دىنى تارقىلىپ بولغان بولسا كېرەك. بۇ ئۇچەيلەن ئوز ئېلىدە بۇددا تەرد-قىتىنىڭ دۇئاگۇيلىرى بولغاچقا، شۇ چاغدىكى بۇددا دىنىنى شەرققە تارقىتىش ئېقىمىدا جۇڭگوغا كېلىپ قالغان. جۇڭ-گونىڭ شۇ چاغدىكى تارىخ كىتابلىرىدا كانگىيە (康居) دەپ يېزىلغان سەمەرقەنت سوغدى رايونىنىمۇ ئوز ئىچىگە ئالاتتى. سەمەرقەنتلىكلەر دەپ ئاتالغانلارنىڭ ئارىسىدا سوغدىيانىلىقلارمۇ بار ئىدى. شۇڭا سەمەرقەنتلىك بۇ مەشھۇر راھىپلارنى كوچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرىدىغان ساپ سەمەرقەنتلىكلەر دىگەندىن كورە سەمەرقەنتكە قاراشلىق سوغدىلار دەپ قاراش تېخىمۇ مۇۋاپىق.

دىمەك، باكتىرىيىگە بۇددا دىنىنىڭ تارقالغانلىقى ھەققىدە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا خاتىرە يېزىپ قالدۇرۇلغان. سوغدىيانا رايونىغا بۇددا دىنى-نىڭ تارقالغانلىقى ھەققىدىكى خاتىرىلەر گەرچە مىلادى 2 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندىلا تۇنجى قېتىم تېپىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە بۇددا دىنىنىڭ تارقالغان ۋاقتى ئارساكتىكىدەك تېخىمۇ بۇرۇنراق بولۇشى كېرەك. ئۇ يەرد-كىلەرنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن تارتىپ سۇي سۇلالىسى دەۋرىگىچە بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغانلىقى ۋە بۇ ئېتىقاتنىڭ 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە سۇسلاپ



كەتكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. بۇنى يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان بۇددا ئولىماسى شۇەن جۇاڭنىڭ تەرجىمە ھالىدىنمۇ كورۇ-ۋالغىلى بولىدۇ.

بۇددا دىنىنىڭ تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى غەربىي يۇرتقا قاچان تارقالغانلىقى ھەققىدە ھەقىقىي دەلىل - ئىس-پاتلار يوق. ئەمما 3 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۇسەنلىك بەيىيەنىنىڭ ۋېي خاندانلىقىغا كېلىپ بۇددا نوملىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانلى-قى، شىمالىي ۋېي خاندانلىقىدىن جۇشىنىڭ خوتەنگە بېرىپ ماھايانا نوملىرىنى ئىزدىگەنلىكى ۋە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەڭ قەدىمقى بۇددا نوملىرىدا كۇسەن تىلىدىن ئاھاڭى بويىچە ياكى مەنىسى بويىچە تەرجىمە قىلىنغان سوزلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن قارىغاندا،① بۇددا نوملىرىنىڭ مۇشۇ خەنزۇچە نۇسخىلىرى پەيدا بولۇشتىن ئاۋال، يەنى مىلادى 2 - ئەسىردىن بۇرۇنلا بۇ يەرلەرگە بۇددا دىنى تارقىلىپ بولغان. غەرپ مەدەنىيىتىنىڭ، ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللارنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ئالدى بىلەن غەربىي يۇرتقا، ئاندىن جوڭگوغا تارقالغانلىقىنى (بۇددا دىنىنىڭ تارقالغان-لىقى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ) ئادەتتە تەبىئىي ئەھۋال دەپ قاراش كېرەك. كۇسەن، خوتەنلەردىن باشقا، قەشقەر، قارا-شەھەردە ۋە بۇ رايوندىكى نۇرغۇن جايلاردا بۇددا دىنى تارقالغانلىقىدىن قارىغاندا، بۇنىڭغا باشقا دەلىل - ئىسپاتلارنى قوشقاندا، بۇ يەردىكىلەرنى مىلادى 1 - ئەسىردىلا ئومۇمەن-

① يۈي تيەنخېڭ: «يېقىنقى ياپونىيىنىڭ تارىخىي ئەسلىمىلىرىدىكى ئىلغار-لىقنى ساقلاپ قېلىش توغرىسىدا»، («تارىخ مەجمۇئەسى» ئۈچىنچى جىلد 2 - دەپ-تەر، 78 - بەت).

يۇزلۇك بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىنغان، دەپ قاراش كېرەك.

دېمەك، قەدىمقى زاماندىلا تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى غەربىي يۇرتقا تارقالغان بۇددا دىنى تاكى ئىسلام دىنى كىرگىچە ئىزچىل تۇردە داۋام قىلدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، شىمالىي يول تەرەپتىكى جايلار ھىنايانا مەزھىپىگە، جەنۇبىي يول تەرەپتىكى جايلار ماھايانا مەزھىپىگە ئايرىلدى. ئۇ يەرلەردىن بۇددىزىم ساھەسىدە نۇرغۇن مەشھۇر ئەرباپلار مەيدانغا كەلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە شەرق بۇددىزىمى ساھەسىدىكى ئەڭ مەشھۇرى كۇسەنلىك كۇماراجىۋا پىردەمۇ بار ئىدى.

### 3. مانى دىنى

مانى دىنى پېرسىيىدىكى سامانىلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تۇغۇلغان، مانى (مىلادى 240 - يىلى ئوپچۇرىسىدە تۇغۇلغان) تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان. ئۇ قەدىمقى بابىل دىنىنى ئاساس، زورو ئاستىرا، بۇددا ۋە خىرىستىيان دىنلىرىنىڭ ئەقىدىلىرىنى قوشۇمچە ماتېرىيال قىلىش ئارقىلىق ئىجات قىلىنغان ئۈزۈل - كېسىل ئىككى مەنبەچىلىك ئاساسىدىكى يېڭى دىن بولۇپ، بىر مەھەل سامانىلار سۇلالىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، ئوردىدىمۇ مۇرىت توپلىغان بولسىمۇ، ئۇزاق ئۆتمەيلا زورو ئاستىرا دىنى تەرىپىدىن مۇرتەدلىك دەپ قارىلىپ تەقىپ قىلىنغان. بۇ دىننىڭ ياراتقۇچىسى مانى 275 - يىلى (غەربىي يۇرت ھۆججەتلىرىگە① ئاساسلانغاندا 273 - يىلى) پۇت قولىنى ئۇ-

① لى كوك: «مانىزىم ھۆججەتلىرى» 1 - قىسىم 39 - بەت.



ۋۇۋىتىش جازاسى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن، دەستۇرلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. مانى ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىر مۇرىدى شەرقتىكى ئىسكىت مىللىتى ئارىسىغا دىن تارقىتىشقا ئەۋەتىلگەن دېگەن رىۋايەت بار، ئەمما بۇنىڭ راس - يالغانلىقى نامەلۇم. مانى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مانىزىمچىلار زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، كۆپىنچىسى ئامۇ دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىغا قېچىپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان، مانى دىنىنىڭ ئۇ يەرگە تارقالغانلىقى مانىزىمچىلارنىڭ زىيانكەشلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شۇ يەرگە كۆچۈپ بېرىۋالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مانىزىمچىلار كۆچۈپ بارغان يەرلەر سوغدىيانا رايونىدىكى شەھەرلەر بىلەنلا چەكلەنمىگەن. ئۇلار يەنە ياكسارتىس (سىر دەرياسى) دىن ئۆتۈپ چۇ دەرياسى ئەتراپلىرىغىچە يېتىپ بارغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىران مەدەنىيىتىنى تۇنجى قېتىم ئۇ يەرلەر① گە تارقاتقان. دېمەك، كېيىنچە خۇارەزىم ۋە سوغدىلار مانى دىنىنىڭ بازىسىغا ئايلانغان. قەدىمدىن تارتىپ زورو ئاستىرا دىنى ھۆكۈم سۈرۈپ كېلىۋاتقان بۇ جايلارغا كېيىنچە بۇددا دىنى كىرگەن. بۇ چاغدا مانى دىنىمۇ كىرىپ، بۇ دىنلار بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. مۇسۇلمانلار باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىنمۇ مانى دىنى ئۇ يەردە ئۇزاققىچە ئۆزىنىڭ جان تومۇرىنى ساقلاپ قالغان، بۇ دىنىنىڭ مازداكىزىم Mazdakizm دەپ قارالغان بىر مەزھىپى (ئېتىقاتتا ئىپتىدائىي كوممۇنىزىمغا ئىشەنگەن، ئاياللارنى ئومۇمنىڭ قىلىشنى يولغا قويغان بىر

① بارتولد بۇنى خۇراسانلىق شاھاراستانى دېگەن ئادەمنىڭ تېۋدور خاربۇچېر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان خاتىرىسىدىن تەرجىمە قىلىپ، ئۆزىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خىرىستىيان دىنىنىڭ تارىخى» دېگەن كىتاۋىنىڭ (1901 - يىلى نەشر قىلىنغان) 13 - بېتىدە بايان قىلىدۇ.

مەزھەپ) بۇخارادا ئىسيان كۆتەرگەن بولۇپ، 780 - يىللىرى ئىسلامىيەت ئارمىيىسىنىڭ غايەت زور قۇربانلارنى بېرىشى ئارقىسىدا تىنجىتىلغان①. 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىمۇ سەمەرقەنتتە 500 دىن كۆپرەك مانىزىمچى بار ئىدى②.

مانى دىنىنىڭ چۇ دەرياسىدىن تېخىمۇ شەرقتە بولغان تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى غەربىي يۇرتتا تارقالغان ۋاقتى جۇڭگو خانلىرىدىن ۋۇزېتيەننىڭ يەنزەي 1 - يىلى (694 - يىلى) دىن ئىلگىرى بولۇشى كېرەك. دۇنخۇاڭدىن قېزىۋېلىنغان بىر ھۆججەتكە ئاساسلانغاندا، شۇ چاغدىن بىر بىر نەچچە يىل ئىلگىرى لوپنۇردىكى تاشبالىقنىڭ باشلىقى سەمەرقەنتلىك مانى راھىبى③ ئىكەن. بۇ دىن تاڭ سۇلالىسىغا كىرگەندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار ئۇيغۇرلارغا تېخىمۇ بەك تارقالغان ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى مۇڭغۇلىيىدە تۇرۇشلۇق قەبىلىلىرىنىڭ قىزغىن ئېتىقات قىلىشىغا ئېرىشكەن ۋە بۇ يەردىكى مانى راھىپلىرى دۆلەتنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان. ئادەتتە بۇ يەردىكى تۈركلەر ئەسلىدە شامان دىنىغا ئېتىقات قىلغان دېيىلىدۇ. بۇددا دىنى تەشۋىق قىلىنغان ھەمدە مەلۇم ساندىكى خاقانلار ئېتىقات قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاخىر ئۇلارنىڭ جەسۇرلۇق ۋە جەڭگىۋارلىق روھى بىلەن زادىلا سىغىشالمىغاچقا تارقىلالمىغان، ئەمما جانۋارنى ئۆلتۈرۈش ناھايىتى قاتتىق چەكلىنىدىغان مانى

① بارتولد: يۇقۇرقى كىتاپ 18 - بەت.

② «مانى دىنى، ئۇنىڭ ئەقىدىلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى ئەسەرلەر» 1862 - يىل نەشرى، 105 - بەت.

③ كەمىنىڭ ئەسىرى «قۇملۇق چۆلنىڭ شىمالىدىكى جايلار ۋە سەمەرقەنتلىكلەر» («جۇڭگو شۇناسلىق» ئۈچىنچى جىلد، 3 - دەپتەر، 10 - بەت.



دىنىنىڭ ئۇلار ئارىسىدا تەسىر قىلالىغانلىقى غەلىتە ئىش. شەرقتە مانى دىنىنى تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغانلار ئىچىدە سوغدىلار بولۇپلا قالماستىن، توخارلارمۇ بار ئىدى. تۇرخۇن ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى قارا بالاساغۇندىكى خەنزۇچە، سوغدىچە ۋە ئۇيغۇرچە خەتلەر بىلەن ئويۇلغان توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشىدىن① ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى مانى راھىپلىرىنىڭ كۆپىنچىسى سوغدىلار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىلگىرى بۇددا دىنىنى رەت قىلغانلىقى، تۈركلەر ئارىسىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئەقىللىقلىقىغا مەنسۇپ بولماي مۇمكىن ئەمەس.

ئۇيغۇر قەبىلىلىرى غەرپكە كۆچۈپ تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇنلا، بۇ رايوندىكى بىر قىسىم جايلارغا مانى دىنى تارقىلىپ بولغان. يۇقۇرقى مەلۇماتلاردىن باشقا، بۇ ۋاقىتنى ئىسپاتلايدىغان باشقا ئىسپاتلارمۇ② بار. غەرپكە كۆچكەندىن كېيىن بۇ دىن ئۇيغۇرلار ئېتىقادىنىڭ مەركىزى بولغاچقا، تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تارقىلىپ بۇ رايونغا ئومۇملاشقان. 10 - ئەسىردە ئۆتكەن ئىسلام تارىخچىلىرى③ نىڭ خاتىرىلىرىدىكى مانى مۇرىتلىرى — توققۇز ئوغۇزلار غەرپكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

① ئىككىنچى قىسىم، 7 - باپقا قاراڭ.

② رامستېد: «شىمالىي مۇڭغۇلىيىدىن تېپىلغان ئۇيغۇر رونىك يېزىقىدىكى ئىككى ئابىدە» XXX Isfou (1913 - يىل نەشرى) گە ياكى «ئومۇمى مەلۇماتلار» نىڭ 1913 - يىل 12 - ئايدىكى نەشرىگە شاۋەن تەرىپىدىن يېزىلغان تونۇشتۇرۇشقا قاراڭ.

② مەسئۇدى: «ئالتۇن يايلاق» نىڭ بار بېردې مېينارد ئىشلىگەن تەرجىمە نۇسخىسى 1 - قىسىم 288 - بەت.

## 4. خرىستىيان دىنى

خرىستىيان دىنىنىڭ سوغدىلار رايونىغا كىرىش ئەھۋالى ئېنىق بولمىسىمۇ، باشقا دىنلارنىڭ بۇ يەرگە كىرىشىدىنمۇ كېيىنرەك چاغدىكى ۋەقە بولۇشى كېرەك. بىر مۇنچە كىتاپلاردا، 5 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا مەرۋى (Merv) ۋە ھېراتلاردا خرىستىيان دىنىنىڭ بىر مەزھىبى بولغان نېستورىيان (Nestorianism) دىنىنىڭ ئىبادەتخانىلىرى قۇرۇلغانلىغى ھەققىدە خاتىرىلەر بولسىمۇ، ئەمما 7 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن ئىلگىرى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا بىرەر كىشىنىڭ راھىپلىق مەنسۇۋىگە تەيىنلەنگەنلىگى ھەققىدە يېزىلغان خاتىرىلەر يوق.① بۇ دىنىنىڭ كىشىلەرنى كېيىنرەك ھەر خىل راھىپلىق مەنسۇۋىگە تەيىنلىگەنلىگى ھەققىدىكى ھۆججەت ۋە خاتىرىلەر خېلى ئوبدان ساقلىنىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. شۇنىڭغا قاراپ، بۇ دىنىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى ۋە تارقالغان دەۋرىنى تەخمىنىي بىلىۋالغىلى بولىدۇ. دېمەك، خرىستىيان دىنىنىڭ سوغدىلار رايونىغا تارقىلىشى 7 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا، يەنى ساسانىلار سۇلالىسى ھالاك بولغاندىن كېيىنكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما راھىپ ۋە ئۇلۇغ راھىپلار بۇ يەرنىڭ دىنىي رايونلىرىنى باشقۇرۇشتىن ئىلگىرى، نېستورىيان دىنى بۇ يەرگە مەلۇم دەرىجىدە تارقالغان. جۇڭگودا مەشھۇر بولغان «رىم نېستورىيانىزىمىنىڭ جۇڭگوغا تارقالغانلىغىنىڭ خاتىرە تېشى» بۇنىڭغا پاكىت بولالايدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن

① بارتولد: يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن كىتاپ، 16 - بەت.



9 - يىلى (635 - يىلى) بۇ دىنى رىملىق ئاروبىن جۇڭگوغا ئېلىپ كىرگەن. ئومۇمەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ دىن ئەينى زاماندا سوغدىيانىغا ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى غەربىي يۇرتقىمۇ تارقالغان. تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردىن خۇسۇسەن ئىدىقۇت خارابىسىدىن تېپىلغان سۇرىيە تىلى، سوغدى تىلى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى پارس تىلى ۋە تۈرك تىلىدا يېزىلغان ئىنجىللار ۋە دىنى ئەسەرلەر، شۇنداقلا مەزكۇر جايدىكى ئىبادەتخانىلارنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان رەسىملەر ئۇ يەردە نېستورىيان دىنىنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر تارقالغانلىغىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ دەستۇرلار ۋە تام رەسىملىرىنىڭ يېزىلغان ۋە سىزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. بەزىلەر: بۇ دەستۇرلارنىڭ بەزى خەتلىرى 6 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى يېزىقلار بىلەن① يېزىلغان، دەپ قارايدۇ، ئەمما بۇنىڭ ھەقىقەتەن شۇنداقلىغى ياكى ئەمەسلىگىنى ئىسپاتلاش قىيىن. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ ھال بۇ دىنىنىڭ تاڭ سۇلالىسى زىمىنىغا تارقىلىشتىن ئىلگىرى ئىدىقۇتقا (تۇرپانغا) تارقالغانلىغىنى ۋە شۇ چاغدا سوغدى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىغىنى ياكى مۇشۇ تىلدا يېزىلغان دىنىي دەستۇرلارنىڭ پەيدا بولغانلىغىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن بۇ دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىش تارىخىغا شان - شەرەپ كەلتۈرىدۇ. دۇنخۇاڭدىن قېزىۋېلىنغان تاڭ دەۋرىگە ئائىت خەنزۇچە خرىستىيان دەستۇرىدا سوغدى تىلىغا ئوخشاپ كېتىدىغان 2، 3 ئىسىم بار. ئۇ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئاچقۇچ.

① Von lüdets, über die Literalischen Funde
Ostturkistan «شەرقىي تۈركىستاندىن (شىنجاڭدىن) قېزىۋېلىنغان قەدىمقى ھۆججەتلەر»، 8 — 97 SPAW، 1914' S

بۇنى ھازىرچە مۇھاكىمە قىلمايمىز.

مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، 9 - 10 - ئەسىرلەردە سوغدىيانا بىلەن جۇڭگونىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاساسلىق ئۈچ تۈركى مىللەت يەنى ئوغۇزلار، قارلۇقلار ۋە توققۇز ئوغۇزلار بار ئىكەنلىكى مەلۇم. ئوغۇزلار ئادەتتە تۈركمەنلەر بىلەن بىر قەبىلە دەپ قارىلىدۇ. توققۇز ئوغۇزلار يەنى تۈرك ئابىدىلىرىنىڭ توققۇز ئوغۇزلار ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. مەشھۇر سالچۇق تۈركلىرىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى سالچۇق ئوغۇز قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان. ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ خىرىستىيان مۇرىدى ئىكەنلىكىنى مىخائىل ئىسىملىك بىر ئادەم ئىسپاتلىغان. يەنە 13 - ئەسىر يازغۇچىلىرىدىن كازۋىنى (Kazwini) نىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، مەزكۇر قەبىلىدىكىلەر ھەققەتەن خىرىستىيان مۇرىتلىرى① ئىكەن. قارلۇق قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ بۇ دىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئېنىق ئەمەس، ئەمما شۇ چاغدا قارلۇقلارغا تەۋە بولۇشقا تېگىشلىك تالاس شەھىرىدە خىرىستىيان دىنىي جەمئىيىتى② تەسىس قىلىنغانلىقى مەلۇم. توققۇز ئوغۇزلارغا تەۋە كۇچاغا (كۇسەنگە) يېقىن يەردىكى بايدىمۇ خىرىستىيان مۇرىتلىرىنىڭ باشقا دىندىكىلەر بىلەن بىللە ئولتۇراقلاشقانلىقى③ مەلۇم. بۇنىڭدىن كېيىنكى قارا خانىلار ۋە قارا قىتانلار دەۋرلىرىدىمۇ مۇشۇ ئەھۋال داۋاملىق ساقلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن،

① بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خىرىستىيان دىنىي تارىخى» 42 - بەت.

② يۇقۇرقى كىتاب، 40 - بەت.

③ Yule, Cathay and the Way thiether

③ «قىتانلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە خاتىرىلەر» CXC.



قارا قىتانلار ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغان نايمان قەبىلىسى (ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىدىن موڭغول تايانچ بازىسىنىڭ يېنىغىچە جايلاشقان قەبىلە)نىڭ قاچاندىن باشلاپ بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما فرانسىيىنىڭ ئاتاقلىق ئەربابى رۇبرۇك ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە① ئۇلارنىڭ نېستورىيان مۇرىتلىرى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان. تېخىمۇ شەرقتە جايلاشقان موڭغوللارنىڭ كېرەي قەبىلىسى (kerait) نىڭمۇ نېستورىيان مۇرىتلىرى ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم، بۇ قەبىلىنىڭ ئاتامانى—خانىنى ماركوپولو پرىستىر جوخۇ دەپ ئاتىغان، ۋە شۇنىڭ بىلەن خىلمۇ خىل رىۋايەتلەر پەيدا بولغان. يۇقۇرقى خاتىرىلەردىن باشقا، 1886 - يىلدىن بۇيان چۇ دەرياسى ئېقىنىدىكى پىشپەك، توقماق قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمقى ئىبادەتخانىلارنىڭ خارابىلىرىدىن نېستورىيان مۇرىتلىرىنىڭ نۇرغۇن قەۋرە تاشلىرى تېپىلدى (5 - رەسىمگە قاراڭ②). دەسلەپتە چولسون (Chwolson) دىن 206 پارچە تېپىلدى، ئاندىن تەدرىجى ھالدا 1200 ھەتتا 1300 پارچىگە يەتتى①) بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى موڭغول دەۋرىگە تەئەللۇق بولۇپ، بۇرۇنراقلىرىنىڭ بەز-

① Rockhill' The Journey of william of Rubruek «رۇبرۇكنىڭ ساياھەت خاتىرىلىرى» 110 - بەت

① Chwolson' syrisch - nestoriau ische Gra binschriften aus Semirjetschie «يەتتە سۇدىن تېپىلغان سۇرىيە تىلدىكى نېستورىيان قەۋرە تېشى» Memoirs olel Ac abemie Imperialedes Sciences de Stpeterb, VII Serie t, IIVXXXX No. 8.

② pelliot' chrestiens d'Asie centrale («ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خىرىستىيان دىنى تارىخى») T'oung - pao, 627, P, XVII

ىلىرى قاراقىتانلار دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. تېخى ئۇلارنىڭ 1095 - يىللارغا، يەنى قارا خانىلار دەۋرىگە توغرا كېلىدىغانلىرىمۇ بار، ياپونىيىلىك جىياڭ شاڭ قاتارلىقلار ھازىر ئىچكى موڭغۇلىيە رايونىدا موڭغۇل دەۋرىدىكى خىرىستىيان دىنى ئاسارە - ئەتىقىلىرى ئۈستىدە قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقتا.

## ئىسلام دىنى

ئاخىردا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى. ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشى ئەرەپلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكى ئۆز ئۆزىدىن مەلۇم. مىلادىنىڭ 670 - يىلى تۇنجى قېتىم ئوكسۇس (جەيخۇن ياكى ھازىرقى ئامۇ — مۇھەررىردىن) دەرياسىدىن ئۆتۈپ بېسىپ كىرىشى بىلەن نامى چىققان ئەرەپ باسمىچى ئەل ھەكەم (al-Hakam) نى تىلغا ئالماي تۇرايلى، 40 يىلدىن كېيىن سوغدىيانىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنى بۇ يەرگەن كېڭەيتكەن قۇتەيبەدىن كېيىن، ئەرەپلەر بۇ يەردە ئارمىيە قوماندانى ۋە ياكى باج - سېلىق يىغقۇچى باجگىر سۈپىتىدىلا تۇرغان بولۇپ، ئۆزلىرى ئەمىلى ھوكۇمرانلىق يۈرگۈزمىگەن. ئۇ چاغدا ئېتىقات مەسىلىسىگە خېلىلا كەڭچىلىك قىلىنغان، ئىمان ئېيتقۇچىلارغا ئەلۋەتتە ئوبدان مۇئامىلە قىلىنغانۇ، باشقا دىنلار چەكلەنمىگەن. 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا يەنى ئاببباسىلار



سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، باشقا دىندىكىلەر (كاپىرلار) چەتكە قېقىلغان. مۇشۇ چاغدىن باشلاپ پېرسىيەنىڭ ساسانىلار دەۋرىدىكى سىياسى تۈزۈلمىسى قوللىنىلىپ، پۈتكۈل سوغدىيانا زېمىنىدا ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى قىلىپ قوبۇل قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن، سوغدىيانىدا ئېتىقات مەسىلىسى تۆپەيلىدىن كۆپ قېتىملاپ كۈرەش ۋە زىيانكەشلىكلەر يۈز بەرگەن.

بۇ دىننىڭ تېخىمۇ شەرقتىكى غەربىي يۇرتقا كىرىش ئەھۋالى ۋە كىرگەن ۋاقتى تازا ئېنىق ئەمەس. ئومۇمەن، بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، 960 - يىلى چۇ دەرياسى ۋادىسىدىكى بالاساغۇندا ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان تۈرك خاقانى ساتۇق بۇغراخان قول ئاستىدىكى 200 مىڭ ئاھالىسىنى باشلاپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرى سوغدىيانىدا ماكانلىشىپ قالغان تۈرك مىللىتى مۇسۇلمان بولۇپ بولغان بولۇشى كېرەك. سوغدىيانىغا خوشنا بولغان بۇ جايدىكى تۈركلەر ئارىسىغىمۇ ئىسلام دىنى سىڭىپ كىرگەن بولۇشى كېرەك. لېكىن شۈبھىسىزكى، ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئىمان ئېيتىشى چوڭ ۋەقە بولغان. نۇرغۇن ئالىملار بۇ سۇلالىنى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى قۇرغان، دەپ قارايدۇ (ئالدىنقى قىسىمنىڭ 10 - بابىغا قاراڭ). 11 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تۈرك تىلىدا يېزىلغان ئىسلامىيەت دىداكتىكىسى (ئەخلاقنامىسى) يەنى «قۇتاتقۇبىلىك» دېگەن مەشھۇر داستان دەل مۇشۇ خاندانلىقنىڭ خاقانىغا تەقدىم قىلىنغان.

قەشقەر ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى ياركەنت (يەركەن) قاتارلىق جايلارغىمۇ مىلادىنىڭ 1000 - يىللىرىدا ئىسلام

دىنى تارقالغان①. 9 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تاشقى موڭغۇلىيەدىن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا كوچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى خوددى يۇقۇرىدا بايان قىلىنغاندەك، بۇرۇن مانى دىنىنىڭ قىزغىن ئېتىقاتچىلىرى ئىدى. 11 - ئەسىردىن باشلاپ ئۇلارمۇ تەدرىجى هالدا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇلار مۇسۇلمان بولغاچقا، جۇڭگولۇقلار بۇ دىننى ئۇيغۇر دىنى (回回教) ياكى 回教 (ئۇيغۇر) دەپ ئاتىغان. 回回 دىگەن سوز 回鹘 (ئۇيغۇر) دىگەن سوزنىڭ بۇزۇپ ئاتىلىشى بولۇپ، 回 دىيىلگىنى ئۇنىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشىدۇر. شۇنداق قىلىپ، ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۇزىنىڭ تورىنى بىر راۋاقى كەڭ يېيىپ، ئاخىر مۇشۇ رايوننىڭ بىردىن بىر دىنىغا ئايلانغان. بۇ هەقتە تۆۋەندە يەنە توختىلىمىز.

× × ×

بۇ باپنى ئاخىرلاشتۇرۇۋاتقىنىمىزدا ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغان دىنلارنىڭ دىني دەستۇرلىرى هەققىدىمۇ بىرئاز توختىلىپ ئوتەي. بۇ دىني دەستۇرلار هەققىدىكى بىلىملىرىم پۈتۈنلەي يۇقۇرىدا قەيت قىلىپ ئوتكەن غەربىي يۇرتنى ساياهەت قىلىپ ئېرىشكەن نەتىجەمدۇر. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ مەسىلە ئۇستىدە ساۋاتسىز دىيەرلىك ئىدىم. ئەمما تاھازىرغىچە ئاتەشپەرەستلىك (ئوتقا چوقۇنۇش) دىنىنىڭ دەستۇرىنى تاپالمىدىم. شۇڭا، ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغان بۇ دىننىڭ ئەقىدىلىرىنى بىۋاستە بىلىۋېلىشقا

① كىتاۋىمىزنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىكى 8 - بابىغا قاراڭ.



يەنىلا مۇيەسسەر بولالمىدىم.

بۇددا دىنىنىڭ نوم - سوترىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جاي - جايلىرىدا خىلمۇ خىل يەرلىك تىللارغا كەڭ تۇردە تەرجىمە قىلىنغان، جۇڭگونىڭ بۇددا نوملىرىدىمۇ مۇشۇ تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغانلىرى بار، لېكىن جۇڭگونىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان نوم - سوترىلىرنى تازا بېرىلىپ، هەجىلەپ ئوقۇغاندىلا، بۇ جەهەتتىكى ۋەقەلىكلەرنى ئاز - تولا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا غەربىي يۇرتنى ساياهەت قىلىپ قىدىرىش ئېلىپ بارغاندا، ئادەتتىكىلەرلا ئەمەس، بۇددا ئالىملىرىمۇ بۇنىڭغا دىققەت قىلالمىغان①. ئەمما يېڭىدىن تېپىلغان ماتىرىياللاردىن بىز شۇنى بىلىۋالدۇقكى، بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى هەققىدە يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان دەسلەپكى چاغلاردىن باشلاپ، بۇ دىنىنىڭ خىلمۇ خىل نوم - سوترىلىرى سوغدى تىلى، توخار تىلى، كۇسەن (كۇچا) تىلى، خوتەن تىلى، كېيىنىرەك يەنە تۇرك تىلى قاتارلىق تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ يەردىكىلەر ئەسلى نۇسخىلارنىڭ سانسكرىت (ئەنەتكەك) تىلىدىكىسى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۇز تىلىدىكىسى بىلەنمۇ قىرائەت قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى توخارچە دەپ ئاتالغان نوملار، ئېهتىمال، توخار دىگەن يەردە تەرجىمە قىلىنىپ، ئاندىن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان شىمالىي يول بويىدىكى يەرلەرگە كىرگەن بولۇشى مۇمكىن (ياپونچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى گېلىڭ شىمىنىنىڭ ئىزاهاتى: بۇ هوكۇمنىڭ ۋاقتى ئوتكەن.

① كەمىنىنىڭ ئەسىرى: «خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددا نوملىرى» («بەدىئى ئەسەرلەر» نىڭ ئىككىنچى يىللىق 4 - سانىدا)

ئۇ ئەسلى چالىشتا يەنى قارا شەھەردە، قوجۇدا يەنى تۇرپاندا تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى كېرەك).

بۇ تىل بىلەن پەقەت يەرلىك شىۋىلەردىلا پەرقلىنىدىغان كۇسەن (كۇچا) تىلىدا يېزىلغان نوملارنىڭ كۇسەندە (كۇچادا) يەرلىك تىلغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى شەك-شۈبھىسىز. بۇرۇن ياۋروپا ئالىملىرى تۈركچە مەلۇم نومدا① قەيت قىلىنغان ھىندىچىدىن كۇسەنچىگە تەرجىمە قىلىنغان، ئاندىن كۇسەنچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان بىر ئابزاستىكى Küsān دېگەن سۆزنى كۇشان (يەنى جۇڭگولۇقلار دەۋاتقان ئۇلۇغ ياۋچى) دەۋالغان، بۇ، تولىمۇ خاتا. Küsān دېيىلگىنى ئەمەلىيەتتە كۇسەننىڭ (كۇچانىڭ) تۈركچە نامى. شۇڭا Küsān چىگە تەرجىمە قىلىنغان دېيىلگەن سۆز «كۇسەنچىگە تەرجىمە قىلىنغان» دېگەن مەنانى بېرىدۇ، بۇ يەردە ئېيتىلغان كۇسەنچە نوملار ھەرگىزمۇ توخارچە نوملاردەك باشقا جايلاردا تەرجىمە قىلىنغان ئەمەس. تۈركچە ئاتالغان نوملار ئومۇمەن ئۇيغۇرچە ئاتالغان نوملار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ تىل جەھەتتە ھېچقانداق پەرقى يوق. ئەمما ئېنىق ئېيتقاندا، تۈركچە نوملار ئۇيغۇرلار 9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن بۇرۇن شۇ يەردە

① مۈللېر: F.W .K .Müller, Toxri und Kuisan (Küsan) «توخار ۋە كۇشان» SPAW 1918 XXVII.

① كەمىنىنىڭ ئەسىرى: «ئۇيغۇرچە مانى قەسىدىلىرى يېزىلغان تارىشلاردىن پارچىلار» («دوكتور ساكيۇەنىڭ ياپونىيە تارىخىنى ئەسلەپ يازغان مۇھاكىمىلىرى» گە كىرگۈزۈلگەن). بۇ كىتابنىڭ فرانسۇزچە تەرجىمە نۇسخىسى: The Memores of thi Department of the Toyu Bunko, No .6 .1931 كە قاراڭ.



ياشاۋاتقان تۈركلەرگە مەنسۇپ بولۇشى، ئۇيغۇرچە① دەپ ئاتالماسلىقى كېرەك.

بۇ يەردە، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلاردا نۇرغۇن بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش، شەرھىلەش داۋامىدا، بۇلارغا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئىدىيىلىرىنىڭ ئازدۇر-كۆپتۇر قوشۇلۇپ قالغان-قالمىغانلىقىغا، شۇنىڭ بىلەن، بۇددا دىنىنىڭ ئەسلى قىياپىتىدە ئۆزگىرىش بولغان-بولمىغانلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن بۇ جەھەتتىكى روشەن ھادىسىلەرنى كۆرمىدۇق. ئەمما «بۇددىھا گوتىرا» قاتارلىق ئەسەرلەردە سانسكرىتچە نۇسخىسى بىلەن خېلى بەكلا ئوخشىمايدىغان نەرسىلەرنى چېلىقتۇردۇق، بۇ ئەھۋال بۇددا دىنىنىڭ كەم دېگەندىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا مۇشۇنداق ئازدۇر-كۆپتۇر ئۆزگىرىپ كەتكەن نوملاردىن تەرجىمە قىلىنغان خەنزۇچە نوملارغا بولۇپمۇ شەرق بۇددىزمىنى تەتقىق قىلىش نۇقتىسىدىن تېخىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك.

مانى دىنىنىڭ دەستۇرلىرى مانىنىڭ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭلا كۆيدۈرۈپ تاشلانغان. ئۇنىڭدىن كېيىن شەرقتە بۇ دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ۋە دەستۇرلىرىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقى ھەققىدە ئېنىقراق بىرەر مەلۇمات تاپالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇنى پەقەت خىرىستىيان دىنىنىڭ دەستۇرلىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللاردىنلا تەخمىنەن بىلەلەيمىز. غەربىي يۇرتقا قىلىنغان ساياھەت ۋە ئۇ يەر-

① كەمىنىنىڭ ئەسىرى: «تۈركلەر ۋە بۇددا دىنى» («دىن تەتقىقاتى» 5-جىلد، 5-دەپتەر، داجېڭنىڭ 13-يىلى 8-ئاي).

دىكى قىدىرىشلار نەتىجىسىدە سوغدى تىلىدا يېزىلغان ئالەمنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدىكى تەلىماتنى (ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلىدا يېزىلغىنىدا ئۇنىڭ مانى ئۆزى يازغان يەتتە دەستۇرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان دەستۇرلاردا بۇددا دىنى ۋە خىرىستىيان دىنىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن نەرسىلەر بار ئىكەن) ۋە بۇ تىللاردا يېزىلغان ئىنجىل، قەسىدە، دىنى نەزمىيە قاتارلىق ھۆججەتلەرنى تاپقاندىن كېيىنلا، بۇ دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئېنىق بىلىپ ئالالىدۇق. دۇنخۇاڭدىكى مىڭ ئۆي غارىدىنمۇ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان مانى دىنىنىڭ دەستۇرلىرى①

① لوجېنيۈي ئۇنىڭ بىرسىنى «پېرسىيە دىنىنىڭ پارچە-پۇرات دەستۇرلىرى» دېگەن ماۋزۇدا دولەت ئىلمى مەجمۇئەسىنىڭ 2-سانىدا ئېلان قىلغان، قالغان پارچىلىرىنى «دۇنخۇاڭنىڭ تاش كېمىردىكى كىتاپلار» ۋە «تاش كېمىردىكى سىرلىق گۆھەر» دېگەن كىتاپلاردا ئايرىم-ئايرىم ئېلان قىلغان. بۇلارنىڭ ئالدىنقىسى بېيپىڭدا، كېيىنكىسى پارىژدىكى دولەت كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانماقتا. شاۋان ۋە پېللىيوتلار بىرلىشىپ يېزىپ چىققان Unttraite mani chieen retronve enchine («مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى ئۈستىدە تەتقىقات» j .A .1911 .Nov) Dec 1913 jan - et Mars - Aril. دېگەن ئەسەر ئالدىنقىسىنى مۇپەسسەل شەرھىلىگەن مۇھىم ئەسەر بولۇپ، شۇنىڭغا ئەسلى ئەسەرمۇ قوشۇمچە قىلىنغان. بۇ كىتاپقا كېيىنكىسىنىڭ ئەسلى تېكىستى بىلەن تەرجىمىسىمۇ كىرگۈزۈلگەن. ئەمما پارىژدىكى پارچىلارنىڭ بېشى تەرەپتىكى پارچىلارنى ستەيىن قولغا چۈشۈرگەن بولۇپ، ھازىر لوندۇندىكى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا. كىتاپنىڭ ماۋزۇسى ۋە تىلىغا قاراپ، ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيۈەن 19-يىلى 6-ئاينىڭ 8-كۈنى تەرجىمە قىلىنغان «مانى يالاڭ باش مۇرىتلىرىنىڭ ئىبادەت مۇراسىملىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» ناملىق مۇراسىم قائىدىلىرى تۈردىكى نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. بۇنىڭدىن باشقا، بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا يەنە ستەيىن دۇنخۇاڭدىن قولغا چۈشۈرگەن مانى قەسىدىلىرى پۈتۈلگەن نەرسىلەرمۇ ساقلانماقتا. بۇنىڭ بىر قىسمى Waldschmidt ۋە Lenztz لەرنىڭ Die stellung Jesus ni Maniech ais mus («مانىزمدا ئەيسانىڭ تۇتقان ئورنى» APAW· 1926) سەرلەۋھىلىك ئەسەر نامىسىدا تەرجىمە قىلىنغان ۋە قوشۇمچە شەرھىسى بېرىلگەن.



تېپىلدى (6-رەسىمنىڭ يۇقۇرىسىدىكىسىگە قاراڭ) بۇنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى مانىزىم تارىخىنى شەرھىلەشكە ياردىمى تېگىدۇ، بۇ دەستۇرنىڭ ئەسلى تېكىستى ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن.

خىرىستىيان دىنىنىڭ دەستۇرلىرى ھەققىدە يۇقۇرىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. دۇنخۇاڭدىن بۇ دىنغا ئائىت ئەزەلدىن مەلۇم بولمىغان بىرقانچە خىل خەنزۇچە دەستۇرلار قېزىۋېلىندى (6-رەسىمنىڭ ئاستىدىكىسىگە قاراڭ) بۇ دەستۇرلارنىڭ تىلىغا ۋە بايان قىلىنىشىغا قارىغاندا، يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەنىدەك، ئۇنى ئېھتىمال، سوغدىلاردىن بولغان شاندى بايان قىلغان بولۇشى كېرەك. شۇنىڭدەك بۇلاردىن ئۇلارنىڭ دىن تارقاتقاندا، تاڭ دەۋرىدە ئەۋج ئالغان بۇددا دىنىغا ۋە تەرىقەتچىلىككە بايرىغى روشەن ھالدا مۇرەسسەچىل پوزىتسىيىدە بولغانلىقىنىمۇ كورۇۋالغىلى بولىدۇ. بۇ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ماتتېيو رىككى (Matteo Ricci) قاتارلىقلارنىڭ كۆكزىچىلىققا تۇتقان پوزىتسىيىسى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش.

ئىسلامىيەتتە قۇرئاننىڭ تىلى ۋە يېزىقى مۇقەددەس، دەخلى-تەرۇزسىز دەپ قارىلىپ، ئېتىقاتچىلىرىنىڭ ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ دولەت تىلىغا تەرجىمە قىلىشىغا يول قويۇلمىغاچقا، ئۇ پۈتۈنلەي ئەرەپچە قىرائەت قىلىنىدۇ. شۇڭا ئىسلامىيەت دەستۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنى ۋە باشقا دىنلارنىڭ دەستۇرلىرىدەك يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللى ئالاھىدىلىك تۈپەيلىدىن ئۆزگەرگەن-ئۆزگەرمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق. شۇڭا بۇ دىنىنىڭ ئېتىقاتچىلىرى ئەرەپچىدىن ئازدۇر-كوپتۇر خەۋەردار. بۇھال دىنىنىڭ تارقىلىشىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەرەپ مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشىدىمۇ زور رول ئوينىدى.

بەشىنچى باپ

# دىنىي نەپىس سەنئەت

ئالدىنقى باپتا ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارقىلىش ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلدۇق. ھەممىگە مەلۇمكى، بۇ دىن يات دىنلارنى كۆچەپ چەتكە قېقىپ ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىپ، باشقا دىندىكىلەرنى ئىمان ئېيتقۇزۇپ مۇسۇلمان قىلىشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ قارىغانلىقتىن، باشقا دىنلارغا ئائىت مۇقەددەس دەستۇرلار ۋە باشقا ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈگەل ۋەيران قىلىشقا تىرىشقان. قەدىمدىن تارتىپ بۇ يەرلەرگە تارقىلىپ كەلگەن بىرقانچە خىل دىنلارغا ئائىت ھۆججەتلەرنىڭ ۋەيران بولۇشىدا، تەبىئىي ۋەيران بولغانلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە مۇشۇ دىن سەۋەبچى بولغان. بۇ دىنلارنىڭ تارقىلىشى بىلەن تەڭ گۈللەنگەن دىنىي نەپىس سەنئەت قاتارلىقلارمۇ ئوخشاشلا ھالاكەتكە ئۇچرىغان. بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللارنى زادىلا بىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى غەربىي يۇرتتا يېقىندىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان قېدىرىشلار ئارقىلىق، ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىماي قالغان ياكى كۆمۈلۈپ قالغان نەرسىلەرنى تاپلاپ چىقىپ، ئۇلارنى تەخمىنەن بولسىمۇ بىلىۋالغانلىقىمىز تەبرىكلەشكە تېگىشلىك بىر ئىش، ئەلۋەتتە.



ئۇ يەرلەردە تارقالغان بىرقانچە خىل دىنىي نەپىس سەنئەتلەر ئىچىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى بۇددىزىم نەپىس سەنئىتىدۇر. بۇ مۇھىم نەپىس سەنئەتنىڭ قالدۇقلىرى جاي-جايلاردىكى تۈركچە مىڭ ئۆي دەپ ئاتىلىدىغان غارلاردا ۋە بۇددا مۇنارلىرىنىڭ خارابىلىرىدىكى تام سۈرەتلىرى ۋە ھەيكەل قاتارلىقلاردا ساقلىنىپ قالغان. مىڭ ئۆي دېيىلگەن غارلار (7-رەسىمگە قاراڭ) تاغلارنىڭ يانتۇلۇقلىرىغا ئورغۇنلىغان تۆشۈكلەرنى تېشىش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، بۇتلارغا نەزىر-چىراق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. كامارلار ئارىسىدىكى كارىدور ياكى يەر ئاستى يول غارلارنى بىر بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. كامارلارنىڭ ئىچى بۇت سۇپىسىدىن باشقا بۇددا سۈرەتلىرى ۋە بۇت ھەيكەللىرى بىلەن بېزەلگەن. بۇنداق مىڭ ئۆيلەر بۇددا دىنىنىڭ بۇت سۇپىسىنى مەركەز قىلغان ئىبادەتخانىلىرىغا تەڭ كېلىدۇ. ئۇ يەرلەردە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كەم بولغانلىقتىن، بۇ مىڭ ئۆيلەر تەبىئىي شەرت-شارائىتقا مۇۋاپىق تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. ئەمما ھىندىستان ۋە ئافغانىستان قاتارلىق ئەللەردە بۇنداق نەرسىلەر خېلى بۇرۇنلا تەرەققىي قىلغان، ئۇ ئەلۋەتتە، بۇ يەرلەرگە بۇددا دىنى بىلەن بىللە كىرگەن بولۇشى كېرەك. بۇددا مۇنارلىرى باشقا جايلاردىمۇ ياسالغان، ئەمما ئۇ يەرلەردە ياغاچ-تاشتىن ئەمەس، بەلكى ئاساسلىقى خام كېسەكتىن ياسالغان. بۇ غارلار، مۇنارلار، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەيكەل-بۇتلار ۋە ئۇلار ئەتراپىدىكى تۆت تامغا، كېمىرلەرگە ۋە رەڭلىك بېزەكلەرگە سىزىلغان نەقىشلەر ھازىر ناھايىتى كۆپلەپ تېپىلىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا قەدىمقى

زامانغا تەئەللۇق بولغانلىرىنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى ۋە بەدى-
ئىي تۈزۈلۈشى قاتارلىق جەھەتلەردە گاندارا ئۇسلۇبىغا
مەنسۇپ بولغانلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەن ھەمدە ھەممىسى
ئەسلى قىياپىتى بويىچە تەقلىت قىلىپ ئىشلەنگەن ئىكەن.
دەۋرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، شۇنىڭدەك يەرلىك خەلقنىڭ
ئارزۇ-ھەۋەسىمۇ قوشۇلۇپ، ئۇلاردا خېلىمۇ خىل ئۆزگىرىش-
لەر كېلىپ چىققان، ئاخىرىدا جۇڭگو نەپىس سەنئىتىنىڭ
تەسىرىگە ئۇچرىغان نەرسىلەرمۇ مەيدانغا كەلگەن. بۇنداق
ئۆزگىرىشلەر بىلەن بۇ يەرلەرگە چەتتىن كىرگەن مەدەنى-
يەتلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى
كۆزگە چېلىققان ئېقىملىرى ئومۇمەن يانداش بولغان، بۇ،
تولىمۇ قىزىقارلىق ھادىسىدۇر. ئۇنداق بولسا، گاندارا ئۇس-
لۇبىدىكى نەپىس سەنئەت زادى نېمە؟ ئەمدى بۇنى قىس-
قىچە بايان قىلىپ ئۆتەيلى.

گرېكلەر قۇرغان باكتىرىيە سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى
دېمېترىيوس ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى ھىندىقۇش تاغ تىز-
مىلىرىنىڭ جەنۇبىغىچە كېڭەيتكەندىن كېيىنكى 200 يىل
ئىچىدە، گرېكلەر گاندارانى ئۆز ئىچىگە ئالغان كابۇل
دەرياسى ۋادىسىغا ئىزچىل تۈردە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەل-
گەن. ئۇلار باشتىلا بۇ يەرنىڭ مەدەنىيىتىگە يول قويۇش
پوزىتسىيىسىنى تۇتقان. تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2-
ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئاخىرلىرىغىچە ياشىغان پادىشا
مېناندېر تەقۋادار بۇددىست دەپ قارىلىدۇ. ئەمما بۇ چاغدا
گاندارا نەپىس سەنئىتى تېخى شەكىللەنمىگەن. بۇ چاغدىكى
شاھ-پادىشالار قۇيدۇرغان تەڭگە پۇللارغا كېيىنكى چاغلار-
دا قۇيدۇرۇلغان پۇللاردىكىدەك بۇددا سۈرىتى چۈشۈرۈلمەي،



پەقەت بىرلا دۈگىلەك چاق (قانۇن چاقى) نىڭلا شەكلى
(ئۈچىنچى رەسىم ③ گە قاراڭ) چۈشۈرۈلگەنلىكى بۇنىڭ
دەلىلىدۇر. ئەگەر ئۇ چاغدا سۈرەت ئارقىلىق بۇت سانىۋانى
ئىپادىلەش ئۇسۇلى بارلىققا كەلگەن بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا
پۇلنىڭ قانۇن چاقى بار تەرىپىگە بۇت سۈرىتى چۈشۈرۈل-
گەن بولاتتى، يەنى بۇ پۇل پادىشا كانىشكانىڭ پۇلىغا
(ئۈچىنچى رەسىم ③ گە قاراڭ) ئوخشاش ياسالغان بولات-
تى. ئومۇمەن قانۇن چاقى ۋە سۈرەت ئارقىلىق بۇت سا-
نىۋانى ئىپادىلەش باشلانمىغان دەۋرلەردە، نىلۇپەر، بېھىش
دەرىخى ۋە مۇنارىلار بۇددا دىنىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان،
مەسىلەن، قەدىمقى زاماندىكى بۇددا يادىكارلىقلىرىدىن سانچى
(sanchi)، بارھۇت (Barhut) قاتارلىق جايلاردىكى بۇددا
مۇنارىلىرىنىڭ زىننەتلىرىدە كۆرگەنلىرىمىزگە ئوخشاش. بۇت
سۈرىتى ئارقىلىق ساكيامونى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى ئىپا-
دىلەش ماھىيەتتە گاندارا نەپىس سەنئىتىدىن باشلانغان.

گاندارا نەپىس سەنئىتى تەتقىقاتىدىكى نوپۇز ئىگى-
لىرىدىن فرانسىيەلىك فۇچېر (Foucher) بۇ نەپىس سەن-
ئەتنى چۈشەندۈرگەندە، بۇ ھىندى ھېسسىياتى بىلەن گرېك
نەپىسلىكىنىڭ مۇناسىپ بىرلەشتۈرۈلۈشى. بۇنداق سەنئەتنىڭ
شەكىللىنىشىنى بۇددا دىنى بىلەن گرېك مەدەنىيىتىنىڭ
بىرلەشتۈرۈلۈشى دەپلا قويۇش كۇپايە قىلمايدۇ، دەپ
ھېساپلايدۇ. ئۇنىڭ قارىشى مۇنداق①: سەنئەتكار بىلەن
ساخاۋەتچى ۋە ياساتقۇچىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان 3 خىل

① «بۇددا سەنئىتىنىڭ باشلىنىشى» 136-بەت. Foucher: «دەسلەپكى
چاغلاردىكى بۇتلارنىڭ رەسىملىرى» جاۋخېنىڭ 3-يىلى ياپونىيە بۇددىزمچىلار
جەمئىيىتى تۈزگەن ياپونچە تەرجىمىسى بىلەن بىرلىكتە «بۇددا نەپىس سەنئىتى تەتقى-
قاتى» غا كىرگۈزۈلگەن.

ئاملىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك. ساخاۋەتچى بۇددىست
ھىندى بولۇشى كېرەك. پۇلنىڭ ئۈستىگە ئويۇلغان بۇتنىڭ
چېچى، سوقچاق يۈزى، قاڭشىرىنىڭ پېشانىسى بىلەن تەكشى
چىقىشى ۋە ئۇنىڭ كۆزى، ئاغزى، كىيىمىدىكى پۈرمىلەرنىڭ
گىرىك ئۇسلۇبىدا بولۇشىدىن قارىغاندا، سەنئەتكار گىرىك
بولۇشى كېرەك، خۇسۇسەن بۇتقا چاچ قويۇشنىڭ ئۆزىلا
بۇددا نوملىرىدىكى قائىدىگە خىلاپ كېلىدۇ. ئەگەر پۇل
ياسىغۇچى چەتئەللىك سەنئەتكار بىلەنلا چەكلەنمىگەن
بولسا، بۇ ۋاقىتتا ھەرگىز مۇنچىۋالا جاھىللىق قىلمىغان
بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ساپ گىرىك مىللىتىدىن
بولغان كىشى بۇددا ھېسسىياتىنى شۇ قەدەر ماھىرلىق بىلەن
چۈشىنىپ، شۇنداق ھۈنەرنى قىلالايدۇ، دەپ قاراش ناھا-
يىتى تەس. بۇ بۇتلارنى ئېھتىمال شەرقلەشكەن گىرىك
بىلەن ھىندى ئارىسىدىن چىققان شالغۇت سەنئەتكار ياسى-
غان، نەتىجىدە بۇ نەپىس سەنئەت ساپ گىرىك ئۇسلۇبى-
دىمۇ ئەمەس، ساپ ھىندى ئۇسلۇبىدىمۇ ئەمەس، بەلكى بۇ
ئىككى خىل ئۇسلۇبنىڭ بىرىكىشى ئارقىسىدا پەيدا بولغان
ئۈچىنچى خىل نەرسە بولۇپ چىققان. قىسقىسى، ئادەمدىن
تاشقىرى بۇتنى رىيال ئادەمنىڭ سۈرىتى بىلەن ئىپادىلەش
دەسلەپتە ھىندىلار ئارىسىدا تارقالمىغان (ھىندىلار بۇنى
پەقەت شەرتلىك بەلگىلەر ئارقىلىقلا ئىپادىلىگەن، خالاس)،
بەلكى بۇددىستلار گاندارادا ئولتۇرۇشلۇق گىرىكچە ھەيكەل
ياسايدىغان سەنئەتكارلارغا بۇيرۇتما قىلغان، بۇيرۇتما ئال-
غۇچى سەنئەتكارلار بۇددىزىم ئىدىيىسى ۋە ھېسسىياتىنى
ئىپادىلەيدىغان بۇتنى گىرىك تېخنىكىسى بىلەن ياساشقا
كىرىشىپ، ھەيكەلتاراشلىق ئىستىتىكىسىنىڭ تەلىۋى بويىچە،



چاچ كەم بولسا بولمايدۇ دەپ قارىغاچقا، بۇيرۇتمىنىڭ
قانداق بولۇشىدىن ۋە مۇقەددەس نومدا قانداق بەلگىلەن-
گەنلىكىدىن قەتئىينەزەر چاچنى ساقلاپ قالغان. بۇ قاراش-
نى ئومۇمەن توغرا دەپ قاراش كېرەك.

بۇ خىل نەپىس سەنئەتنىڭ ئانا ماكانى ئادەتتە گان-
دارا دەپ قارىلىدۇ. ھەرقايسى جەھەتلەردىن قارىغاندا،
بۇ شەك-شۈبھىسىز، گەپ ئۇنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقىدا.
بۇ مەسىلە توغرىسىدا جامائەتچىلىكتە: مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى
2-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پەيدا بولغان، مىلادىيىدىن ئىل-
گىرىكى 1-ئەسىردە پەيدا بولغان، پادىشا كانىشكادىن
ئىلگىرى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، دېگەندەك خىلمۇخىل
قاراشلار بار. ئەڭ مۇۋاپىق بولغىنى يەنىلا فۇچېر ئېقىمى-
دىكىلەرنىڭ قارىشىدۇر①. مۇشۇ ئۇسلۇبتا ياسالغان ھەيكەل-
لەر ئۈستىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ
سەنئەتنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى مىلادىيىدىن سەل ئىلگىرىكى
بىر مەزگىلگە، يەنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى بىرىنچى ئەسىر-
نىڭ ئاخىرلىرى ياكى ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىشى، مىلادى-
دىن كېيىنكى بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە،
ئۇ تەرەققىي قىلىپ ئاللىقاچان مودىلىشىپ بولغان بولۇشى
كېرەك.

گاندارا نەپىس سەنئىتى توغرىسىدا يۇقۇرىدا ئېيتى-
قانلىرىمىز ئاساسلىقى ئويمىچىلىقنى كورسىتىدۇ، رەسساملىق
توغرىسىدىكى ئەھۋاللارمۇ ئومۇمەن شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بۇ
ئۇسلۇبتا سىزىلغان رەسىملەر شىمالىي ھىندىستاندا زادىلا
ساقلىنىپ قالمىغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان فىرانسىيىدىن

① يۇقۇرقى كىتاب «گاندارا ھەيكەللىرىنىڭ يىلنامىسى» 1925 - يىل.

ئافغانىستانغا كىرگەن قىدىرىش ئەترەتلىرى تونۇشتۇرغان
بامىيان مىڭ ئۆيىدىكى ئاسارە-ئەتىقىلەر (9-ئەسىرگە قا-
راڭ) گە ئاساسلىنىپ، بۇ ئەھۋاللارنى پەقەت تەسەۋۋۇرلا
قىلالايمىز. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئىراننىڭ تەسىرى نا-
ھايىتى چوڭقۇر بولغان تەقدىردىمۇ، ئومۇمەن جايىدا
بولغان بولىدۇ. ئەمما مۇشۇ مەلۇماتلارغىلا تايىنىپ رەسسام-
لىقنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى ۋە قانداق تەرەققىي قىل-
غانلىقى مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك
ستىرىيوتىپ (تىك كورۇنۇشلۇك) ئىسىل تەسۋىرىي نەققاش-
لىق سەنئىتى دەۋر سۈرگەن زاماندا، شۇ ئۇسلۇپتىكى تەك-
شى يۈزلۈك تەسۋىرىي رەسساملىق (مەيلى نەپىس ياكى
قوپال بولسۇن) بىللە دەۋر سۈرمىگەن دەپ قاراشمۇ نا-
ھايىتى تەس. يەنە شۇنىڭدەك نەققاشچىلىقتا تەرەققىياتمۇ،
ئۆزگىرىشمۇ بولغان، ئەمما رەسساملىقتا بۇنىڭغا ئەگىشىپ
تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش بولمىغان دەپ قاراشمۇ ناھايىتى
تەس. رەسساملىق سەنئىتىگە دائىر ئەسەرلەرنىڭ ھازىر-
غىچە ساقلىنىپ قالمىغانلىقى بۇنداق نەرسىلەرنىڭ بۇرۇن
بولمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى غەرەزلىك ياكى تاسادىپىي
بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىدىن بولغان.

مۇشۇنداق مەنبە ۋە خاراكتېرگە ئىگە گاندارا ئويما-
لىرىنى تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى غەربىي يۇرت دائى-
رىسىدىن تېپىلغان بۇددا نەپىس سەنئىتىگە دائىر رەسىملەر
بىلەن سېلىشتۇرۇپ كورىدىغان بولساق، ئىككىسىنىڭ ئوت-
تۇرىسىدىكى بىرمۇنچە ئوخشاشلىقلارنى (1-رەسىمگە
قاراڭ) كورۇۋالغىلى بولىدۇ، ھەتتا ئىنچىكە جايلىرى-
نىڭمۇ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى بۇددا دىنىنىڭ شىمالىي ھىندىس-



تاندىن بۇ يەرگە تارقىلىشى بىلەن بىر چاغدا، ئۇنىڭ ئەس-
لى قىياپىتى بويىچە سىزىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.
ئوخشاشلىق دەرىجىسىنىڭ سەل پەرقلىنىدىغانلىقىغا بولسا
بۇددا دىنىنىڭ شۇ يەردە ھەزىم بولۇشىغا ئەگىشىپ،
نوم-سوترىلارنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى، شەرھىچىلىكىنىڭ تې-
خىمۇ ئەۋج ئېلىشى، يەرلىك بۇددىستلارنىڭ ئوز ھەۋەسلى-
رى ۋە ئۇسۇللىرىنى بۇ نەپىس سەنئەتكە قوشۇپ قويۇشى
سەۋەپ بولغان. ئوخشاشلىق نۇقتىسى تېخىمۇ ئازراق بول-
غان يېڭى يۈزلىنىشكە ئىگە قىسمى جۇڭگو مەدەنىيىتى تەسى-
رىنىڭ شۇ جايلارغا تەدرىجى يېتىپ كەلگەنلىكىدىن پەيدا
بولغان ھادىسىدۇر. بۇ ماتېرىياللارغا ئاساسەن بۇنداق ئۆز-
گىرىشلەرنى دەۋرگە بولۇش مەسىلىسى توغرىسىدا غەربىي
ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ پىكىرلىرى ئومۇمەن بىردەك بولۇپلا
قالماي،① بەلكى ئاساسلىق تەرەپنى شەرھلەپ بېرىدۇ.
بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، گاندارا نەقىشلىرىگە بەكمۇ ئوخشاپ
كېتىدىغانلىرى تەخمىنەن مىلادىدىن كېيىنكى 3-4-ئەسىر-
لەردىن ئىلگىرىكى چاغلارغا توغرا كېلىدۇ؛ گاندارا نەقىش-
لىرىگە ئەڭ يېقىن ئامىللارغا ئىگە ئىككىنچى خىللىرى تەخ-
مىنەن 5-6-ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ؛ ئالدىنقى خىللىرى-
غا جۇڭگو ئۇسلۇبىدىكى ئامىللار قوشۇلغان ئۈچىنچى خىل-
لىرى بولسا 7-ئەسىرگە يەنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرى ۋە
ئۇنىڭدىن كېيىنكى (11-12-رەسىملەرگە قاراڭ) دەۋرلەرگە
توغرا كېلىدۇ. ئەمما تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىنكىلىرى-
نىڭ يەنە پەرقى بار، يەنى يۇقۇرقى بىرقانچە خىل ئۇس-

① كەمىنىنىڭ ئەسىرى: «غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» نىڭ 62-، 64-بەتلىرىگە قاراڭ.

لۇپلار تەدرىجى ئاجىزلاپ جۇڭگو ئۇسلۇبى بىلەن بىرىك-
كەن ئالامەتلەر روشەن بولغانلىرى ئۇيغۇرلار دەۋرىگە مەن-
سۇپ بولۇشى كېرەك.

يۇقۇرىدا بىز يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن رەسسامىلىق
ئۇستىدە توختالدۇق. نەققاشلىق سەنئىتىدە مۇھىم ئورۇن
تۇتىدىغان ھەيكەل، بىناكارلىق سەنئىتىدىكى بۇددا مونار-
سى ۋە مىڭ ئۆيلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى، ئۇسلۇبى قا-
تارلىقلارغا كەلسەك، بۇلارنىڭمۇ كوپىنچىسى گاندارا ئۇس-
لۇبىغا① تەئەللۇق. لېكىن بۇلار ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقان-
دا، رەسساملىقتا قارىغاندا ئەسلى قىياپىتىنى ئۇزاقراق ساق-
لاپ قالغان.

بۇ يەردە يەنە بۇ نەپىس سەنئەت ئەسەرلىرىنى قالدۇ-
رۇپ كەتكەن سەنئەتكارلار يەرلىك ئاھالىمۇ ياكى چەتتىن
كەلگەن كىشىلەرمۇ؟ دىگەن بىر مۇھىم مەسىلە بار. بۇ مە-
سىلە ھەققىدە ھەرقانداق مەدەنىيەت تارىخىغا ئوخشاش،
باشتىلا سوزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. كېيىنچە
ئۇلارنىڭ چەتتىن كەلگەن سەنئەتكارلارنىڭ قولىدىن چىق-
قانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىرمۇنچە دەلىل-ئىسپاتلار بارلىق-
قا كەلدى. ئەمما يەرلىك سەنئەتكارلارنىڭ ئىجات قىلغان-
لىرىمۇ ئاز ئەمەس. ھازىرقى كۇچانىڭ يېنىدىكى قىزىل مىڭ
ئۆينىڭ بىر كېمىرىدە رەسسام تام رەسىملىرى سىزىۋاتقان
بىر مەنزىرە بار (9-رەسىمگە قاراڭ)، ئۇنىڭ غەلىتە كى-
يىم-كېچەكلىرى ۋە چاچ شەكلى ئۇ سەنئەتكارنىڭ چىن
سۇلالىسى دەۋرىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە قالدۇرۇلغان
خاتىرىلەردە قەيت قىلىنغان كۇسەن (كۇچا)نىڭ يەرلىك

① يۇقۇرقى كىتابنىڭ 65-بەتتىن كېيىنكى بەتلىرىگە قاراڭ.



ئاھالىسى ئىكەنلىگىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئۇقتا ناھا-
يىتى مۇھىم بولغانلىقتىن، بۇ يەردە ئازراق چۈشەنچە
بېرىپ ئۆتىمىز.

كۇسەن (ھازىرقى كۇچا) يېنىدىكى قىزىل مىڭ ئۆي-
نىڭ تام رەسىملىرىگە (گرۇنۋېدىل① ۋە فون لېكوك② لار
مەتبەگە تەييارلىغان ئەسلى رەسىم نۇسخىلىرىدا نامايەن قى-
لىنغىنىدەك) ساخاۋەتچىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن. كىتاۋىمىز-
دىكى 8-رەسىم فون لېكوك قايتا ئىشلىگەن ئەسلى نۇس-
خىدۇر.③ بۇ رەسىمدىكى كىيىم-كېچەك، چىراي-شەكىل
قاتارلىقلار رەسىمدىكى چۈشەندۈرۈشتەك بولىدىغان بولسا،
روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان بولىدۇ. سول تەرەپتىكى-
سىنىڭ چاپىنى، چاپىنىغا سىپلىنغان كەڭ پەۋاز، ئۇنىڭ پېشى-
نىڭ قايرىلغان ئېتىگى ۋە كىيىۋالغان ئالاھىدە ئۇتۇگى
بىلەن تامبىلى، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇرغان قىياپىتى،
قىلىچتىن باشقا يەنە خەنجەر ئېسىۋالغانلىقى، قىرقىپ يارما
ئايرىلغان چېچى (قىزىل ۋە ئاق بويالغان) قاتارلىقلار كى-
شىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. بۇ تام رەسىمى تاڭ سۇلا-
لىسى دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە④ سىزىلغان بولۇشى،
سىزغۇچىسى ساخاۋەتچىلەر بولۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ چىراي-
شەكلى، كىيىنىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆزگىچىلىكلىرى
ئۇلارنىڭ شەك-شۈبھىسىز يەرلىك ئادەملەر ئىكەنلىگىنى،

TafeL VIVIII XLIX قەدىمقى Grünwedel, Alt — Kutcha ①
Lecog, Dit buddhistische Spütantike in Mittelasien ②
(«ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددىزىمغا ئائىت قەدىمقى ئاسارە-ئەتىقىلەر»)
iv, Fafe 14, s III, Jafel, I
③ «قەدىمقى كۇچا» نىڭ يېزىقلار ھەققىدىكى قىسمى 127-بەت.
Le Cog Auf Hellas Spuren in Osturkistan④ («شەرقى
تۈركىستاننىڭ يەر ئاستىدىكى بايلىقلار») 1926، 113-بەت.

يەرلىك باي ئاقسۆڭەكلەردىن بولۇشىنىڭ ئېھتىمالغا تېخىمۇ
يېقىنلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىردەك
بولغان يەنە بىر خاتىرە بار، يەنى تاڭ سۇلالىسى جىنگۇەن
يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بۇ يەردىن ئۆتكەن كاتـ
تا بۇددىزىم ئۆلىماسى شۈەن جۋاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى
غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دىكى خاتىرىسىدە: ئۇ چاغدىكى
كۇسەنلىكلەردە چېچىنى كېسىش ئادىتى بار ئىكەن، دېيىلـ
گەن. شۈەن جۋاڭ بۇ كىتابىنىڭ كۇسەن (كۇچا) ئېلى دېـ
گەن بابىدا: "ئۇلار كەمخاپتىن كىيىم كىيىدىكەن، كالتا چاچ
قويىدىكەن، رومال ئارتىپ، تۇماق كىيىدىكەن ... خانى كۇـ
سەن ئۇرۇغىدىن ئىكەن"① دەپ يازغان. بۇ ئىشلار غەرـ
بىي يۇرت خاتىرىسىدىلا قەيت قىلىنىپ قالماستىن، بەلكى
ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى جىن دەۋرىدىمۇ خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن
«جىن نامە» نىڭ 97-جىلد «غەربىي رۇڭلار تەزكىرىـ
سى — كۇسەن دۆلىتى» دېگەن بابىدا: "ئەر ئاياللار ئوخشاشـ
لا كالتا چاچ قويىدىكەن، بويىنىغا مارجان ئاسىدىكەن" دەپ
خاتىرىلەنگەن. كۇسەننىڭ خوشنىسى كۇسەنگە خوشنا قاراـ
شەھەر ئېلىدىكىلەرنىڭمۇ كالتا چاچ قويىدىغانلىقى قەيت
قىلىنغان خاتىرىلەر بار، بۇ ئادەتلەر تۈركلەرنىڭ ئورۇمە
چاچ قويۇش ئادىتى بىلەن ئوخشىمىغاچقا، بۇ خاتىرىلەر
ئالاھىدە يېزىپ قالدۇرۇلغان. كېيىنىشى ۋە چىراي شەكلى
مۇشۇنداق بولغانلار شەك-شۈبھىسىزكى، يەرلىك ئاھالىدۇر.
بۇ تام رەسىمنى يەرلىك رەسساملار سىزغان بولۇشى كېرەك
دېمەك، بۇ رەسساملارنىڭ چىراي-شەكلى ۋە كىيىم-كېـ

① «تاڭ نامە غەربىي يۇرت تەزكىرىسى كۇسەن دۆلىتى» دە: «كالتا چاچ قويىدىغان، بويىنىغا مارجان ئاسىدىغان ئادەت بار ئېكەن ... خانى كەمخاپ بىلەن چېچىنى ئورىۋالىدىكەن» دېيىلگەن.



چەكلىرى يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ساخاۋەتچىنىڭ ئالاھىدە
رەسىمى بىلەن تامامەن بىردەك. گرونۋېدېل: بۇ مىسىر
ئۇسلۇبىدىكى يالغان چاچ، دەيدۇ.① فون لېكوك بىر تۇـ
رۇپ، يەرلىك توخارلارنىڭ چېچى دەپ قارايدۇ ۋە يەنە
كىشىگە قەدىمقى مىسىر ئۇسلۇبىدىكى يالغان چاچنى ئەسلەـ
تىدىغان بىر خىل چاچ شەكلىدەك② قىلىدۇ، دەيدۇ. تازا
زەڭ قويۇپ قارايدىغان بولساق، بۇنىڭ يالغان چاچ ئەـ
مەس، بەلكى «جىن نامە» دىكى "كالتا چاچ قويىلىدىكەن،
بويىنىغا مارجان ئاسىدىكەن"، «تاڭ نامە» دىكى "ھەممەيلەن
كالتا چاچ قويىدىكەن، بويىنىغا مارجان ئېسىۋالىدىكەن" دېـ
گەن خاتىرىلەردىكىدەك ئىكەنلىكىنى، رەسىمگە يارىمىسى ئايـ
رىلغان ھەممە دولىسىغا چۈشكىدەك قىلىپ كېسىلگەن چاچ
شەكلى چۈشۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. مۇشۇنداق قارىغاندا،
بۇ رەسىمدىكىلەر شۇ چاغدا كۇسەنچە سوزلەيدىغان ھەمدە
كۇسەنچە ھوججەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن كۇسەنلىكلەر
(يەنى گرونۋېدېل، فون لېكوكلار ئېيتقان توخارلار) قىياـ
پىتىنىڭ ھەقىقى تەسۋىرى بولىدۇ. ئۇ، قىممەتلىك نەپىس
سەنئەت ماتېرىيالى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىنتايىن مۇھىم
ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە. شۇنداق قىلىپ، بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى
بىلەن بىر چاغدا، ئۇ يەردە بۇددىزىم سەنئىتىمۇ يەرلىك
ئاددى كىشىلەردىن چىققان رەسساملار قولىغا قەلەم ئېلىپلا
مۇشۇنداق تام رەسىملىرىنى سىزالىغۇدەك سەۋىيىگە كوتىـ

① شۇ كىشىنىڭ ئەسىرى Altbu Oldhis che Külstütten in Chin Türkestan 153-بەت («چىنىي تۈركىستاندىكى قەدىمقى زامان بۇددا ئاسارە-ئەتىقىلىرى»)

② شۇ كىشىنىڭ ئەسىرى «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددىزىمغا ئائىت قەدىمقى ئاسارە-ئەتىقىلەر» III، 8-بەت.

ۋىلگەن. ئەسلىدىكى گاندارا نەپىس سەنئىتىگە كىرگۈزۈلگەن مۇشۇنداق يېڭى قىياپەت، ئېھتىمال، مۇشۇ يەرلىك سەنئەتكارلارنىڭ قەلەم قۇۋۋىتىدىن دۇنياغا كەلگەن بولسا كېرەك.

ماني دىنى ۋە خىرىستىيان دىنى تارقالغان رايونلاردىمۇ مۇناسىپ هالدا ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا بەدىئىي ئەسەرلىرى بارلىققا كەلگەن بولۇشى كېرەك. هازىرقى قېدىرىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇنداق ئەسەرلەر ئاساسەن ئىدىقۇت ئەتراپىدىن تېپىلدى. ماني دىنىنىڭ ياراتقۇچىسى ماني ئەسلىدە رەسسام بولغاچقا، بۇ هالمۇ دىندا تەسىر پەيدا قىلغان. قېزىۋېلىنغان مانىزىم دەستۇرلىرىنىڭ خېلى كوپلىرىدە بىر مۇنچە چىرايلىق قىستۇرما رەسىملەر بار. خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان ماني دەستۇرلىرىدا بۇ دىنىنىڭ مۇراسىم قائىدىلىرى قەيت قىلىنغان① (5 - رەسىم، يۇقۇرقى بولەككە قاراڭ). بۇنىڭغا قارىغاندا، بۇدىنىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدا ئايەتلەرگە بېغىشلانغان رەسىملەر هوجرىسى قۇرۇش لازىملىقى بەلگىلەنگەن، بۇنىڭدىن ماني دىنىنىڭ رەسىم سىزىشقا نەقەدەر ئەهمىيەت بەرگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

مانىزىم رەسىملىرىگە ئائىت ماتېرىياللار هازىرغىچە بۇددىزىمنىڭكىدەك مول ئەمەس، ئۇنىڭ دەۋرىي ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىمۇ بىرگە مەلۇم ئەمەس. ئۇنىڭ سىستېمىسىنى سۈرۈشتە قىلغاندا، ئۇ پېرسىيەدىكى ساسانىلار دەۋرىنىڭ سەنئىتىگە تەئەللۇق بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. مانىزىم رەسىملىرىدە ھەقىقى تەسۋىر روهىدىن

① كىتاۋىمىزنىڭ ئىككىنچى قىسىم، 4 - باپنىڭ ئاخىرىدا ئېيتىلغان «ماني يالاڭباش مۇرىتلىرىنىڭ ئىبادەت مۇراسىملىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» دېگەن يېرىگە قاراڭ.



باشقا، ناھايىتى مول بېزەش ئامىللىرىمۇ بار (13 - رەسىمگە قاراڭ). بۇلار 9 - ئەسىردىن كېيىن بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن تۈرك خەلق سەنئىتىنىڭ تەسىرى (ئومۇمەن يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان بۇددا دىنىنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئوخشاش) بولۇپ، مۇشۇ ماني مۇرىتلىرىنىڭ قەلەم قۇۋۋىتىدىن قېپقالغان تەۋەررۇكلەر بولۇشى كېرەك.

خىرىستىيان نەپىس سەنئىتىدىن ساقلىنىپ قالغان ئاسارە - ئەتىقىلەر تېخىمۇ ئاز بولۇپ، هازىرغىچە مەلۇم بولغانلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: ① خىرىستوسنىڭ (ئەيسانىڭ) ئاخىرقى قېتىم ئېروسالىمغا (قۇددۇسقا) كىرگەنلىگى، يەنى «ئارچا بايرىمى» نىڭ (Palm — sun day) مەنزىرىسى سىزىلغان دەپ قارىلىدىغان تام رەسىمنىڭ پارچىلىرى①؛ ② بۇنىڭغا ئالاقىداردەك كورۇنگەن باشقا پارچىلار② ئىدىقۇت ئەتراپىدىكى بىر كىچىك ئىبادەتخانىدىن تېپىلغان؛ ③ دارايىغا كەشتىلەنگەن رەسىملەر③نىڭ ئۇششاق پارچىلىرىدىكى كىرىست تايىغىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان ئادەمنىڭ

① لې كوك: ئىدىقۇت (Lc CogfChotscho, Tafclj,a)؛ يۋي تيەنخېڭ: «غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» 40 - بەت، رەسىم ئۇسخىسىنىڭ ئۈچىنچىسى؛ دوكتۇر سۇگىبېك رۆگېي: «دۇنخۇاڭ رەسىملىرى ئۈستىدە تەتقىقات» 802 - بەت؛ لې كوك دەسلەۋىدە خىرىستىيان كاھىنلىرى يۇيۇندۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈۋاتقان مەنزىرە دەپ قارىغان. كېيىن قارىشىنى ئۆزگەرتىپ «ئارچا بايرىمى» مەنزىرىسى دەپ قارىغان (لې كوكنىڭ «شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى» دېگەن كىتاۋىنىڭ 64 - بېتىگە قاراڭ). مەن ئالدىنقى كىتاپنىڭ ئىككىنچى نەشرىگە يازغان تولۇقلىمادا مۇشۇ قاراشنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدىم.

② گرونۋېدىل: «چىنى تۈركىستاندىكى قەدىمقى زامان بۇددا ئاسارە - ئەتىقىلىرى» نىڭ 339 - بېتىگە ۋە لې كوكنىڭ «ئىدىقۇت» دېگەن ئەسىرىدىكى 7 - رەسىمنىڭ a چۈشەندۈرۈشىگە قاراڭ.

③ لې كوكنىڭ «ئىدىقۇت» ناملىق كىتاۋىنىڭ بېشى، 8 - بەت ۋە دوكتۇر سۇگىبېك رۆگېينىڭ بايا نەقىل كەلتۈرۈلگەن كىتاۋى، 812 - بەت.

رەسمى بار قىسمى، بۇمۇ ئىدىقۇتتىن تېپىلغان خرىستىيان
رەسىملىرىدىن بولۇشى كېرەك؛ دۇنخۇاڭدىن① قېزىۋېلىن-
غانلىرى خرىستوس (ئەيسا) رەسىمىنىڭ دارايىغا كەشتە-
لەنگەن پارچىلىرى بولۇشى كېرەك (14 - رەسىمگە قاراڭ).
بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى①، ②لىرى شەكىل جەھەتتە بۇددا
رەسىم تۈرلىرى بىلەن ئوخشىمايدىغان بولۇپ، پۈتۈنلەي
رېئالىستىك تەسۋىر ئۇسۇلىدىكى ياۋروپا رەسىملىرىنىڭ
خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالغان، رەسىمنىڭ چىراي -
شەكلى ۋە كىيىم - كېچەكلىرى قاتارلىقلاردىمۇ پېرسىيەنىڭ
ئۆزگىچىلىكلىرى② روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ③رەسىمدە گەرچە
كرېست تايىقىنىڭ شەكلى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما
ئۇنىڭغا خرىستىيان رەسىمى ياكى مانىزم رەسىمى دەپ
ھۆكۈم قىلىش ناھايىتى قىيىن. ساقلىنىپ قالغان قىسمى
ئىنتايىن ئاز بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ئىگىلەش
ئىنتايىن تەسكە چۈشىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ تۆۋەن
قىسمىغا، تىتىلىپ كەتكەن مەيدىسىنىڭ يۇقۇرى قىسمىغا
توغرا كېلىدىغان بۇ رەسىمدىكى ساخاۋەتچىنىڭ رەسىمى
شەك - شۈبھىسىز ئۇيغۇرنىڭ چىراي - شەكلى ۋە كىيىمى
بولۇپ، سىزىلىشىمۇ ئۇيغۇرخانلىقى دەۋرىدىكى بۇددىزىم
رەسىملىرىنىڭ سىزىلىشىغا ئوخشايدۇ. ④سى ئېھتىمال، تاڭ

① دوكتور سۇگىبىك رۇگىيىنىڭ بايا نەقىل كەلتۈرۈلگەن كىتاۋىدىكى 200 - رەسىم ۋە 800 - بەتنىڭ ئاخىرى، سۇگىبىك - رۇگىيى، رەسىمدىكى ئايال ساپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ كىيىمىنى كەيگەن، دەپ قارايدۇ، مەن ئۇنداق قارىمايمەن. ئەرنىڭ كىيىمى بىلەن بىرلىكتە ياۋروپا ئاياللىرىنىڭ كىيىمى دېيىشكىمۇ بولىدۇ دەپ قارايمەن.

② لې كوكنىڭ بايا نەقىل كەلتۈرۈلگەن كىتاۋىدىكى شۇ بەتتە، مانى دىنىنىڭ رەسىملىرى دېيىلگەن.



سۇلالىسىنىڭ دۇنخۇاڭدىكى رەسساملىرى تەرىپىدىن نېستورىيان
كاھىنلىرى ياكى مۇرىتلىرىنىڭ بۇيرۇتمىسى بىلەن ئۇلارنىڭ
مۇددىئاسى ياكى باشقا پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى بويىچە
سىزىپ چىقىلغان بولۇشى مۇمكىن. رېئالىستىك تەسۋىرنىڭ
پۈتكۈل ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا بۇددا رەسساملىقى ئاساس
قىلىنغان①. بۇ يەردىكى خرىستىيان سەنئىتىنىڭ خاراكتې-
رىنى يالغۇز مۇشۇ ماتېرىياللار ئاساسىدىلا بايان قىلغىلى
بولمايدۇ. ئىدىقۇتتىكى تام رەسىملىرى ۋە ئۇلاردا تەرغىپ
قىلىنغان دىنىي ئەقىدىلەر بۇ يەرگە پېرسىيە ياكى سوغدى-
يانادىن تارقالغان بولۇپ، بۇ ئارىلىقتا ھېچقانداق پەۋ-
قۇلئاددە ئۆزگىرىشلەر بولمىغان. دۇنخۇاڭدىكى خرىستوسنىڭ
(ئەيسانىڭ) رەسىمى(؟) بولسا تاڭ دەۋرىدىكى بۇددا
رەسىملىرىنى سىزىش ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

زورو ئاستىرىزىم (ئاتەشپەرەستلىك) نەپىس سەنئىتىگە
كەلسەك، ھازىرقى قۇمۇلدىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە
ئائىت ئاتەشپەرەستلىك ئىبادەتخانىسىدا سان - ساناقسىز
رەسىملەر②نىڭ بارلىقى، دۇنخۇاڭنىڭ يېنىدىكى ئاتەشپە-
رەستلىك ئىبادەتخانىسىغا تەگىرىنىڭ رەسىمى سىزىلغانلىقى

① دوكتور سۇگىبىك رۇگىيىنىڭ بايا نەقىل كەلتۈرۈلگەن كىتاۋىغا قاراڭ.

② ستەيىننىڭ دۇنخۇاڭدىن قولغا چۈشۈرگەن ھۆججەتلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭچى 1 - يىلىدا يېزىلغان تەكلىماكان، ئېۋىرغوللارنىڭ جۇغراپىيە تەزكىرىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا، ئېۋىرغول يەنى ھازىرقى قۇمۇلنىڭ ئاتەشپەرەستلىك ئىبادەتخانىسى توغرىسىدا توختىلىپ كېلىپ، "ئاتەشپەرەستلىك ئىبادەتخانىسىدا سان - ساناقسىز كىتاپلار ئۇبرازى بار ئىكەن" دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردىكى "كىتاپلار" دېگەندە "تەسۋىرىي رەسىملەر" كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇ "كىتاپلار" دەپ خاتا ئېيتىلغان. "تەسۋىرىي رەسىملەر" رەڭلىك ھەيكەللەرنى كۆرسىتىدۇ. شېنتيەن شى يىلاڭنىڭ «تەسۋىرىي رەسىملەر ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ («ياپونىيە تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» 5 - جىلد 3 - دەپتەر).

ھەققىدىكى خاتىرىلەردىن باشقا، ئاساسلانغۇدەك مەلۇمات بولمىغاچقا، بۇنى تەپسىلىي بايان قىلغىلى بولمايدۇ.

**قوشۇمچە:** بۇ نەپىس سەنئەت ماتېرىياللىرى ئىچىدە، بولۇپمۇ رەسىملەر ئىچىدە دىنىي رەسىملەر ئەڭ كۆپ. ئەمما بۇنىڭدىن سىرت، يەنە ئادەتتىكى ئۆرپ - ئادەتلەر، گۈل - چىمەنلەر ۋە ئۇچار قاناتلار تېما قىلىنغان ئاز ساندىكى رەسىملەرمۇ بار. بۇ رەسىملەر ئىچىدە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغانلىرى يەنىلا پېرسىيە سېستىمىسىدىكى سىزىش ئۇسلۇبى بويىچە سىزىلغان بولۇپ، بۇلاردىن ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇلار ئىچىدىن قەدىمقى جۇڭگونىڭ كولەڭگۈسىز سىزىش ئۇسلۇبىدىكى رەسىملەرنى زادىلا تاپقىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئۆزگىچىلىكنى روشەن ئىپادىلەپ بېرىدىغانلىرى، دىنىي رەسىملەرگە ئوخشاش، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەرگە تەئەللۇق بولۇشى كېرەك.

## ئالتىنچى باپ

# غەربىي يۇرت ۋە خەنزۇ مەدەنىيىتى

يۇقۇرىدا، كەڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا غەرپتىكى ئىران مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى قىسقىچە بايان قىلدۇق. ئەمما شەرقتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتى تەسىرىنىڭ



بۇ يەرلەردىكى ئاھالى ئارىسىغا يېتىپ كەلگەن - كەلمىگەنلىكى ئۈستىدە توختالمىدۇق. ھازىر بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ بايان قىلىمىز.

خەنزۇلارنىڭ غەربىي يۇرت بىلەن بولغان سىياسىي مۇناسىۋىتى خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشالىرىدىن ۋۇدى خان زامانىسىدىن باشلانغان بولۇپ، شۇنىڭدىن بۇيان خەن سۇلالىسىنىڭ ھەربىيلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا جايلىشىۋېلىپ، شىمالدىكىلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە يەرلىك سىياسىي ئىشلارغا نازارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. خەن سۇلالىسىنىڭ سودىگەرلىرى ھۆكۈمەتنىڭ مۇھاپىزىتىدە پامىرنىڭ غەربىدىكى جايلارغا بېرىپ - كېلىپ تۇرغان. خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى نامىدىكى سودا كارۋانلىرى ھەر قېتىمدا كۆپ بولغاندا نەچچە يۈز، ئاز بولغاندا يۈزدىن ئارتۇق ئادەم بىر كارۋان بولۇپ يولغا چىققان ۋە يىلىغا مۇنداق كارۋانلاردىن 10 نەچچىسى قاتناپ تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن، ئادەم يوق چۆللەردە ئاشلىق يېتىشمەسلىك — ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق بولۇپ قالغان. مۇۋاپىق جايلاردا بىنام ئاچىدىغان ئەسكەرلەرنى تۇرغۇزۇش يالغۇز ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى كېلىپ - كېتىپ تۇرغان سودا كارۋانلىرىغا ئاشلىق - ئوزۇق تەييارلاشنىمۇ مەقسەت قىلغان. بۇنداق ئەھۋاللار خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا شۇنداق بولۇپ قالماستىن، بەلكى كېيىنكى چاغلاردىمۇ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشتا داۋاملاشتى. شۇڭا خەن سۇلالىسى زامانىسىدىن كېيىنكى مەلۇم دەۋرلەردىن باشقا چاغلاردا، ھېچبولمىغاندا تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا تۇرۇپ قالغانلارنىڭ سانى

ئوخشاش بولمىسىمۇ، خەنزۇلار ھەر ھالدا ئۈزۈلمەي تۇرۇپ كەلگەن، مۇشۇنداق ئەھۋالدا، سوزسىزكى، خەنزۇ مەدەنىيىتى ئۇلار بىلەن بىللە بۇ يەرلەرگە كىرگەن. بۇنى يېقىندىن بۇيانقى غەرپ ۋە شەرقلىقلەرنىڭ قېدىرىش ئەترەتلىرى قولىغا چۈشۈرگەن خەنزۇ مەدەنىيىتىگە تەۋە نۇرغۇن ماتېرىياللاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ماتېرىياللار ئىچىدە① قەغەز كەشىپ قىلىنمىغان دەۋرگە مەنسۇپ نەرسىلەر، يەنى تارشا پۈتۈك (15 - رەسىمگە قاراڭ) ۋە دارايىغا خاتىرىلەنگەن پۈتۈكنامىلەر ھەمدە كۈندىلىك تۇرمۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك كىتاب - دەستۇرلار، مەسىلەن، يىلنامە، پالنامە، رېتسېپ، ھەربىي بىلىم، ھېساب بىلىمى، باشلانغۇچ بىلىم قاتارلىق نەرسىلەر بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنخۇاڭدىن لوپنۇرغىچە بولغان جايلاردىكى تۇر خارابىسى ۋە باشقا قورۇلۇشلارنىڭ خارابىلىرىدىن قېزىۋېلىندى. كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە قەغەز ئىشلىتىلگەندىن كېيىنكى ماتېرىياللارنىڭ سانى تەدرىجى كۆپىيىپ بارغان. جىن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگىچە بۇ ماتېرىياللارنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپەيگەن. كىتابلار (16 - رەسىمگە قاراڭ)، بولۇپمۇ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان نوم - سوترىلار قوجۇ (ئىدىقۇت) نى مەركەز قىلغان ھالدا ناھايىتى كۆپ تېپىلدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ ماتېرىياللار مەيلى سان ياكى تۈر جەھەتتە بولسۇن، زور دەرىجىدە كۆپەيگەن. ھۆججەتلەر، خاتىرىلەر ۋە خىلمۇ - خىل نوم - سوترالارنىڭ

① بۇ ماتېرىياللار ناھايىتى كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە «غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» دېگەن كىتابنىڭ 7 - 8 - بابلىرىغا قاراڭ.



كۆپلىگەندە گەپ يوق. كىتاب - دەستۇرلار، تارىخنامىلەر، شېئىر ۋە نەسىرلەردىن تارتىپ داۋجىياۋ دىنىنىڭ دەستۇرلىرىغىچە ھەممىسى تېپىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ماتېرىياللارنىڭ تېپىلغان ئورۇنلىرىمۇ نۇرغۇن جايلارغىچە كېڭەيدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، خەنزۇلار مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمدىنلا بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىتنى ھېچكىممۇ ئىنكار قىلالمايدۇ.

ئەمما بۇ خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ پەقەت بۇ يەرلەردە تۇرۇۋاتقان خەنزۇلار ئارىسىغا، ياكى ئىچكى جۇڭگودا خەنزۇ مەدەنىيىتىگە ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتكەندىن كېيىن بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالغان يات مىللەتلەر ئارىسىغا تارقىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن بولۇشى ئېھتىمال. ئىدىقۇتتىن قېزىۋېلىنغان خەنزۇچە نوملار ۋە خاتىرىلەر ئىچىدە خەنزۇلاردىن باشقا، ھونلارنىڭ چەچۈر قەبىلىسىدىن قالغانلىرىمۇ بار. چەچۈرلار گەرچە ھونلارنىڭ بىر قەبىلىسى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئاللىقاچان خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئاسسىمىلاتسىيىسى بىلەن خەنزۇلىشىپ يېرىم خەنزۇ بولۇپ قالغان، دەسلەپتە ھازىرقى جاڭيېدە (گەنجۇدا) ياشىغان ۋە شىمالىي لياڭ خانلىقىنى قۇرغان، كېيىن شىمالىي ۋېي خانلىقى تەرىپىدىن قوغلىنىپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالغان. بۇ يەردىن ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن تەۋەرۈكلەرنىڭ چىقىشى تەبىئىيدۇر. دېمەك، بۇ يەرلەردە خەنزۇلار ياكى يېرىم خەنزۇلاردىن باشقا خەلقلەر قالدۇرۇپ كەتكەن مۇنداق ماتېرىياللار ناھايىتى ئاز. مۇشۇنداق تەۋەرۈك ماتېرىياللار تېپىلغان جايلارنى مەلۇم سەۋەپ بىلەن ئاشۇلار ياشىغان جايلار دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇنداق قاراشتا چاتاق يوق.

ئۇ ئادەملەردىن سىرت، خۇددى ياپونىيە، چاۋشيەنلەرگە ئوخشاش يەرلىك ئاھالە ئىچىدە خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن مۇشۇنداق ھوججەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنلەرنىڭ يوقلۇغىدا شەك يوق. شۇنىڭدىن قارىغاندا، خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي يۇرتقا كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە غەربىي يۇرتلۇقلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشى ناھايىتى ئاز بولغان. خەنزۇلارنىڭ قەدىمى يېتىشتىن ئىلگىرى، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا شەھەر تۇرمۇشىنى كەچۈرۈۋاتقان غەربىي يۇرتلۇقلار ئارىسىدا ئومۇمەن شەرققە كۆچۈۋاتقان غەرب مەدەنىيىتى سىڭىشىۋاتقاچقا، ئۇلارنىڭ خەنزۇ تىل يېزىقىنى قوبۇل قىلىشى ناھايىتى تەسكە چۈشەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، خەنزۇلارنىڭ غەربىي يۇرتلۇقلار ئارىسىدا تەرجىمە ئارقىلىق تەسىر پەيدا قىلغانلىقى ھەققىدە بىرەر دەلىل - ئىسپاتنىمۇ كۆرمىدۇق، بار دېگەندىمۇ روشەن ئەمەستەك قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئادەتتىكى نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەر داۋامىدا، غەربىي يۇرتتىن تېپىلغان، جۇڭگو سەنئەتكارلىرى سىزغانلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان رەسىملەرنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدىغانلىرى تا ھازىرغىچە كۆرۈنمىدى. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلار دەۋرىدىلا غەربىي يۇرت رەسساملىق ئۇسلۇبىنىڭ جۇڭگوغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكى — جامائەت بىلىدىغان پاكىت. ئەكسىچە، جۇڭگو رەسساملىرىنىڭ غەربىي يۇرتقا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بۇ دەۋردە قالدۇرۇلغان خاتىرىلەر ياكى تەۋەرۈكلەردىن كۆرگىلى بولمايدۇ. جۇڭگونىڭ ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى، بولۇپمۇ دارايى، يىپەك توقۇلما قاتارلىق بىر قانچە خىل توقۇلما بۇيۇملىرى ۋە سىرلىق قاچا - قۇچىلار، تۆمۈر ئەسۋاپلىرىنىڭ غەرب ئەللىرىدە بازىرى ناھايىتى ئىتتىك ئىدى. بۇ نەرسىلەر غەربىي يۇرتتىكى جاي - جايلاردىن خېلى كۆپ تېپىلدى. بۇ، ئۇلارنىڭمۇ كۈندىلىك تۇرمۇشتا بۇ نەرسىلەرنى ئىشلەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمما بۇ نەرسىلەرنىڭ ئارىسىدا جەزمەن شۇ يەرلەردە تۇرۇپ قالغان خەنزۇلار ئىشلەتكەنلىرىمۇ بار. ماتېرىيال ۋە ياساش ئۇسۇلى تۇپەيلىدىن غەربىي يۇرتلۇقلار بۇ نەرسىلەرنى ياسىيالمىغاچقا، كۆپىنچە جۇڭگودىن كىرگۈزگەن.

شۇنىڭغا قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى غەربىي يۇرتتا بار بولغان خەنزۇ مەدەنىيىتى، ئەمەلىيەتتە شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان خەنزۇلارنىڭلا مەدەنىيىتى بولۇپ، ئۇ، غەربىي يۇرتلۇقلارغا چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمىگەن. بۇ ئەھۋال دەل يۇقۇرىدا قەيت قىلىنغان قەدىمقى گىرېك مەدەنىيىتىنىڭ ئىران مىللىتىگە تەسىر كۆرسىتىش ئەھۋالى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەمما يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، خىلمۇ خىل مەدەنىيەتلەر بىر بىرىگە ئۇچراشقاندا، ھامان تەبىئىي ھالدا بىرسى بىرسىگە ئاز - دۇر - كۆپتۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى تېخى ئاللىقاچان يۈكسەك تەرەققىي قىلغان غەربىي رايون مەدەنىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ئېقىمىنى ئۆزگەرتىۋېتەلىگىدەك دەرىجىگە يەتمىگەن. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى. چېندىر خاتىرىلىرى» دە مۇنداق بىر ھېكايە بار: كۇسەن خانى جانبىن خەن سۇلالىسىنىڭ ئۈيسۇنغا ياتلىق قىلغان مەلىكە-

سىدىن تۇغۇلغان قىزنى ئالغان. شۇڭا خەن سۇلالىسىنىڭ پادى-
شاھلىرىدىن شۈەندى خاڭ زامانىسىدا بۇ ئىككىيلەن بىرلىكتە
ئوردىغا سالامغا بارغان ۋە چاڭئەندە بىر يىل تۇرغان، كېيىن
بىر نەچچە قېتىم چاڭئەنگە سالامغا كەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن
كۈسەن خانى خەن سۇلالىسىغا بەكمۇ يېقىنچىلىق قىلىپ،
خەنزۇلارنىڭ كىيىم-كېچەك تۈزۈمىگە ناھايىتى قىزىققان.
ئۇز خانلىقىغا قايتقاندىن كېيىن، ئوردا-سارايى سالدۇ-
رۇپ، ياساۋۇلخانا تەسىس قىلىپ، سارايدىن چىققاندا ۋە
سارايغا كىرگەندە ياساۋۇللارنىڭ ھىمايىسىدە بولغان، بىرەر
كىشىنى ئىشقا چاقىرتقاندا خۇددى خەن سۇلالىسىنىڭ تەڭ-
رىقۇتى (پادىشاسى) دەك قوڭغۇراق چالدۇرغان. غەربىي
يۇرتنىڭ خانلىقلىرىدىكى كىشىلەر جانبىنى "ماۋۇ زاڭغا قا-
راڭلار" دەپ مەسخىرە قىلىشىپ، ئاخىر كۈسەن خانىغا
"خېچىر" دەپ لەقەم قويغان. شۈەندى خان زامانىسىدا
غەربىي يۇرت تۇتۇق ھىراۋۇلى مانا مۇشۇ كۈسەننىڭ يېنى-
دىكى ئوردا (بوگۇر) شەھرىگە جايلىشىپ، خەن سۇلالى-
سىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى غەربىي يۇرتنى بىر تۇتاش
نازارەت قىلغان (كىتاۋىمىزنىڭ بىرىنچى قىسىم، ئالتىنچى
بابىغا قاراڭ). بۇنداق ئەھۋالدا، خەنزۇلارنى دوراش ئا-
ۋامنىڭ كۆلكىسىگە قالغان. بۇنىڭدىن، قېلىپلىشىپ قالغان
غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنى خەنزۇ مەدەنىيىتىگە ئۇتكۇزۇشنىڭ
نەقەدەر قىيىن ئىكەنلىكىنى كورۇۋالغىلى بولىدۇ.

دەمەك①، جوڭگونىڭ غەربىي يۇرتقا قاراتقان ھوكۇمە-
رانلىق فاكىجېنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيان ھامانشەكلەن

① «غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» 117 -
147 - بېتىگىچە.



بولۇپ، بۇ جايلارنىڭ شىمالىدىكى كوچمەن چارۋىچى كۆچ-
مەنلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، جۇڭگونىڭ پا-
مىرنىڭ غەربىدىكى جايلار بىلەن بولغان قاتناش ۋە سودا ئالا-
قىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنىلا مەقسەت قىلغان.
بۇ مەقسەتكە يەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەرنىڭ ئەمەلىي سىياسىغا
ئىچكىرىلەپ ئارىلىشالمىغان، ئاددىراق قىلىپ ئېيتقاندا،
جۇڭگو ئەۋەتكەن تۇتۇق ھىراۋۇل-دورغاپلار ۋە ئۇلارنىڭ
قول ئاستىدىكىلەر پەقەت غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ ئۇزى
يولغا قويۇپ كەلگەن سىياسىي ئۇستىدە ئادەتتىكىچىلا نازارەت
ئېلىپ بېرىپ، غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ جەمىيىتى ۋە ھاياتى
بىلەن پەۋقۇلئاددە زىچ مۇناسىۋەت باغلىغان ئەمەس.
ئۇلارنىڭ تۇرار جايلىرىمۇ ئايرىم بولۇپ، ئۇلار يەرلىك
خەلق بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشمىغان. مانا بۇ — ئال-
لىقاچان تەرەققىي تاپقان مەدەنىيەتكە ئىگە غەربىي يۇرت-
لۇقلارنىڭمۇ خەنزۇ مەدەنىيىتىگە ئوڭايلا ئاسسىمىلاتسىيە
بولۇپ كەتمىگەنلىكىدىكى سەۋەپتۇر. ئىدىقۇت رايونىدىكى
خەنزۇلار كىتاپ-نامىلار ۋە قىسسە داستانلار ئۇستىدە
ۋەزخانلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي تۇرمۇشتا يەر-
لىك ئاھالىنىڭ تىلىنى قوللانغان. بۇنداق ئەھۋال تاڭ
سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىلا ئۆزگەرگەن. ھىچ بولمىغان-
دىمۇ تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى غەربىي يۇرتتا تۇ-
رۇشلۇق تاڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى يەرلىك خەلقنىڭ
سىياسىسىغا بىۋاستە ئىچكىرىلەپ ئارىلاشقان. بۇنى يېڭىدىن
قېزىۋېلىنغان بىر قانچە خىل ھۆججەتلەردىن كورۇۋالغىلى
بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تاڭ سۇلالىسىدىن بۇ يەرگە كېلىپ
ئولتۇراقلاشقانلارمۇ كوپەيگەن. ئىلگىرى بۇ يەرلەردە ئاسا-

لىغى ھەربىلەر بىلەن ئەمەلدارلار تۇرغان بولسا، بۇچاقتا كەلگەندە ئادەتتىكى كىشىلەر ۋە راھىبلار بولۇپ بىرمۇنچە كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان، بۇنى يېقىندىن قېزىۋېلىنغان نوپۇس رويىخەتلىرىنىڭ قالدۇقلىرىدىن ۋە خىلمۇ خىل ھوججەتلەر ياكى كورگەن - ئاڭلىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن يېزىلغان ساياھەت خاتىرىلىرىدىن كورۇۋالغىلى بولىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت خەنزۇچە دەستۇرلار، بۇددا نوملىرى، خاتىرىلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار گەۋدىلىك كوپەيگەن. بۇ — غەربىي يۇرتتىكى خەنزۇ راھىبلار ۋە پۇقرالارنىڭ كوپەيگەنلىگى-نىڭ نەتىجىسى. يالغۇز مۇشۇ خىلدىكى ماتېرىياللارلا كوپە-يىپ قالماستىن، بەلكى رەسساملىق جەھەتتىمۇ، ئاستىغا تاڭ سۇلالىسىنىڭ يىلنامىسى يېزىلغان، ياكى يىلنامىسى بولمى-سىمۇ، ئەمما رەسىم ئۇسلۇبىغا، رەسىم بىلەن بىللە ساقلان-غان نەرسىلەرگە ۋە مۇقەددىمە، خاتىمىلەردىكى خەت شەك-لىگە قارىغاندا شەك - شۈبھىسىز مۇشۇ دەۋرگە ئائىت مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردىنمۇ بىر مۇنچىسى تېپىلدى. بۇلارنىڭ كوپچىلىگى بۇددا رەسىملىرىدۇر. ئەمما يەنە ئورپ - ئادەت رەسىملىرى ۋە ئادەم رەسىملىرىمۇ بار. بۇددا رەسىملىرى ئىچىدە سىيا بىلەن سىزىلغان قىممەتلىك رەسىملەرمۇ بار.

بۇ رەسىملەر غەربىي يۇرتقا بارغان بىرمۇنچە خەنزۇلار ئىچىدە رەسساملىقنى كەسىپ قىلغان ياكى ھېچ بولمىغاندا رەسىمنى خېلى ياخشى سىزالايدىغان سەنئەتكارلارنىڭ بار-لىغىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، غەربىي يۇرتتا تۇرغان ھەممە ھەر تەرەپلىمە پائالىيەتلەرگە قاتناشقان خەنزۇلار سىياسى، دىنىي ۋە باشقا ئادەتتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەھەتلەردە يەرلىك ئاھالە بىلەن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا



تېخىمۇ قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئىككى خىل مەدەنىيەت-نىڭ زىچ ئۇچرىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن، غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ خەنزۇلىشىش دەرىجىسىمۇ ئازدۇر - كوپتۇر كۈچەيگەن. لېكىن بۇنى ھازىرقى بىلىمىمىزگە ئاساسلىنىپلا ھەقىقى تۈردە ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. جاي - جايلاردىكى مىڭ ئۆي رەسىملىرى ۋە باشقا ماتېرىياللار ئىچىدە غەربىي يۇرت ئۇسلۇبىغا تاڭ دەۋرىنىڭ ئۇسۇلى ۋە ئالاھىدىلىگى ئارىلىشىپ قالغانلىرى بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنى تاڭ دەۋرىنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگەنگەن غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ قولىدىن چىققان دېگەندىن كورە، بۇ يەر-دىكى تاڭ سۇلالىسى سەنئەتكارلىرىنىڭ غەربىي يۇرت ئۇس-لۇبىنى ئۆگەنگەنلىگىنىڭ نەتىجىسى، دېگەن ياخشىراق. تاڭ دەۋرىگە ئائىت ئىلمى ئەسەرلەر ۋە ئەدەبى ئەسەرلەردىن غەربىي يۇرت تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغانلىرى تېپىلمىدى. گەرچە ئاندا-ساندا بۇنداق ئەھۋاللار چېلىقسىمۇ، ① ئەمما ئۇلار چاڭئەن قاتارلىق جايلاردا ئىشلەنگەن بولغاچقا، بۇلارنى خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي يۇرتتا ئومۇملاشقانلىغىنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىرقى ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، بۇ دەۋردە گەرچە خەنزۇ مەدە-نىيىتى غەربىي يۇرتلۇقلارغا تەسىر كورسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەسىر گەۋدىلىك بولمىغان، ئۇ يەرلەردە يەنىلا غەرپ مەدەنىيىتىدىن كېلىپ چىققان نەرسىلەر شۇ پېتىچە ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن. ئەمما ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ بۇ دەۋرگە

Polliet, Le Sutra de Causes et des effets ①
(«سەۋەپ ۋە نەتىجە سۇترىسى»)، t. II, P, VIII

كەلگەندە تېخىمۇ خەنزۇلاشقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە، يۇقۇرقى ئەھۋالنىڭ ئەكسىچە، بۇ يەرنىڭ مەدەنىيىتىدىكى خەنزۇ پۇرىقى تەدرىجى كۈچىيىپ، شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرپ مەدەنىيىتى روشەن ھالدا قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇنداق يېڭى ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇشى قارىماققا ئەقىلغا سىغمايدىغاندەك تۇرسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە تەبىئى ئىش ئىدى. چۈنكى بۇ چاغدىكى غەربىي يۇرتلۇقلار جۇڭگونىڭ تاڭ دەۋرىدىن ئىلگىرىكى غەربىي يۇرتلۇقلار، يەنى ئارىيان سېستىمىسىدىكى ئىرق ئەمەس، بەلكى يۈكسەك تەرەققى قىلغان مەدەنىيەتكە ئىگە بولمىغان، تاڭ سۇلالىسى مەدەنىيىتىگىمۇ، ئىران مەدەنىيىتىگىمۇ ئوخشاشلا تەلپۈنىدىغان تۈرك مىللىتىنىڭ بىر قەبىلىسى — ئۇيغۇرلار ئىدى.

يۇقۇرىدا قەيت قىلىنغان ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغالىيىتىگە ئېلىشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋاللار پەقەت تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى غەربىي يۇرتقىلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماستىن، باشقا جايلارغىمۇ ئومۇمەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىن تاكى غەربىي تۈركلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان جايلارغىچە تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيىۋەن يىللىرىدىكى تۇمپۇرىغا تۈرك يېزىقى ئويۇلغان بىرخىل پۇل ئىشلىتىلگەن① ھەمدە پەقەت شەكىل جەھەتتىلا تاڭ پۇلىغا تەقلىت قىلىنغان، ئەمما كېيىنكى سوغدى يېزىقى (ئۇيغۇر يېزىقى) بىلەن تۈركچە تامغو

① «تۈرك - جۇڭگو پۇلى» (Drouin Monniase turco)
«يېزىقنىڭ باشلىنىشى» ،1891، (Chinoise Revue numisatque
(La Couperie, Begining of writing، 1894 .P ،166)



ئويۇلغان تۈركەش پۇلى قاتارلىقلار ئىشلىتىلگەن ①. ئەگەر مۇشۇ نۇقتىدىن قارىلىدىغان بولسا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيىتى ئۇ يەرگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ئىكەن، دېگەن قاراش كېلىپ چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ، خۇددى گىرىكلەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى باكترىيىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشالىرىدىن گاۋزۇڭ خان دەۋرىدىن شۈەنزۇڭ خانغىچە بولغان 80 نەچچە يىل ئىچىدە بۇ يەر تاڭ سۇلالىسىغا قارىغانلىقتىن، ئۇنىڭ سىياسىتىنى قوبۇل قىلغانلىقى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئەھۋال، بۇنىڭغا قاراپلا پۈتكۈل ئەھۋال شۇنداق، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ پۇللىرىدىكى يېزىقنىڭ غەرپ سېستىمىسىدىكى يېزىق ئىكەنلىگى كۆرۈنۈپ تۇرغاندەك، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى كۆچمە چارۋىچىلىق ھاياتىدا يېڭى تۇسنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ، ئېھتىمال، سوغدىيانا مەدەنىيىتىگە ئوخشاش غەرپتە پەيدا بولغان نەرسىلەردىن باشقىچە نەرسە بولمىسا كېرەك.

سوغدىيانانىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان خىلمۇ-خىل مۇناسىۋىتى تاڭ سۇلالىسىغا نەچچە ئون يىللارغىچە بېقىنىش مۇناسىۋىتى بولۇپ كەلگەچكە، بۇ مۇناسىۋەت گەرچە ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ قويۇق بولغان بولسىمۇ، ئەمما تاڭ دەۋرىنىڭ مەدەنىيىتى ئومۇمەن ئۇ يەرگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن دېيىش ناھايىتى قىيىن. پەقەت ھۈنەرۋەنچىلىك جەھەتتىلا خېلى كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئېنىق. يۇقۇرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك،

② «ئۇيغۇر ھۆججەتلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات»
(F.W.K.Müller, Uigurica .p.qs)

سوغدىلار قەدىمدىن تارتىپلا سودىگەرچىلىك بىلەن جۇڭگوغا بېرىپ - كېلىپ تۇرغان ۋە ئىككى دۆلەت ئارىلىقىدا خىلمۇ - خىل مال - مەھسۇلاتلارنى يۆتكەپ سېتىپ پايدا ئالغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشى خەنزۇلارنىڭ غەرپكە بېرىشىنى ۋە سوغدىلارنىڭ شەرققە كېلىپ - كېتىپ تۇرۇشىنى تېزلەتكەن، نەتىجىدە ئۇلار پەقەت جۇڭگونىڭ مەھسۇلاتلىرىنى غەرپكە ئېلىپ بېرىش بىلەنلا قالماي بەلكى سەمەرقەنتنى مەركەز قىلغان ھالدا جاي - جايلاردا جۇڭگو تېخنىكىسى بويىچە ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەرخىل ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپ چىقارغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە، كىشىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغايدىغىنى شۇكى، زەرەپشان ۋادىسى كېيىنكى كۈنلەردە دارايى ۋە پاختا توقۇلمىلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئورنى بولۇشى بىلەن ئىسلام دۆلەتلىرى ئارىسىدا كاتتا شۆھرەت قازانغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە يېقىنقى زامان غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن قەغەزنى مىسالغا ئالساق، تالاس دەرياسى بويىدا تاڭ سۇلالىسى بىلەن تاجىكلار ئوتتۇرىسىدا بولغان جەڭدە تاجىك ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان تاڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى پارچە - پۇرات لاتا - پۇتىلار ماتېرىيال قىلىنىدىغان جۇڭگو قەغەزچىلىكىنى سەمەرقەنتكە ئېلىپ كىرگەن. شۇنىڭ بىلەن، بۇ يەر كېيىن مۇشۇ ئاساستا بارا - بارا قەغەزچىلىك مەركىزىگە ئايلانغان. بۇ، جامائەت بىلىدىغان پاكىت①. پەرغانىدە تۇمۇر قوراللار، جەڭ قورال -

① دوكتۇر ساگىيوەن: «ياپونىيىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدىكى مۇ - ھاكىمىلەر» گە كىرگۈزۈلگەن «قەغەزنىڭ تارىخى» نىڭ 3 - ۋە 4 - بابلىرى.



لىرى قاتارلىق مۇھىم مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلغان (ئۇ يەرگە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا جۇڭگونىڭ قۇيمىچىلىق تېخنىكىسى تارقالغان. ئۇ چاغدا پەرغانىنىڭ ئالاھىدە داڭق چىقىرىشى، يېڭىدىن تارقالغان جۇڭگو تېخنىكىسىغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. قىسقىسى، جۇڭگونىڭ ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى ئەينى چاغدا ئىسلام دۆلەتلىرى خەلقلىرى ئارىسىدا ئىنتايىن داڭلىق ئىدى، ھەتتا ھەرخىل نازۇك ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى بىردەك "چىن (جۇڭگو (Sine نىڭ" دەپ ئاتىلاتتى. سودىگەرچىلىكتە پۇختا كەلگەن سوغدى ۋە باشقا خەلقلەر بۇ بۇيۇملارنى ئۆز ئەللىرىگە ئەكىلىپلا قالماي، بەلكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز جايلىرىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۈنەرۋەنلىرىنى ياللاش ياكى ئۆزلىرى تېخنىكا ئۆگىنىش ئارقىلىق مۇشۇنداق بۇيۇملارنى كۆپلەپ ئىشلەپ چىقىراتتى. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن، ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى مەدەنىيىتىمۇ تاڭ سۇلالىسى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇ نۇقتىدا ئىش ئەكسىچە بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى چاڭئەن، لوياڭ شەھەرلىرىگە ۋە تاڭ خاندانلىقىنىڭ باشقا جايلىرىغا تارقالغان①.

① شىتيەن خەن: «چاڭئەندە باھار».

## يەتتىنچى باپ

# ئۇيغۇرلارنىڭ غەرپكە كۆچۈشى ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى

ئاخىرقى تاڭ دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قۇملۇق چۆلنىڭ شىمالىدىن غەرپكە كۆچۈپ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگەللىشى بۇ جايلاردا ئۇزاقتىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئېرقلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ جايلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ زور بىر بۇرۇلۇش دەۋرىنى ئاچتى.

كىتاۋىمىزنىڭ يۇقۇرقى قىسىملىرىدا بايان قىلىنغاندەك، غەرپ مەدەنىيىتى بىلەن بۇ يەرلەرگە شەرقتىن تارقالغان خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە بۇ يەرنىڭ مەدەنىيەت گۈلزارىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر گۈل ئېچىلدى. بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن بۇ قەبىلىلەرنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە دالىسىدا تۇرغان چېغىدىكى مەدەنىيىتىنى بايان قىلىپ ئۆتەيلى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، قۇملۇق چۆلنىڭ شىمالىغا ئولتۇراقلاشقان كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيىتى تۆۋەنرەك ئىدى. ئۇلار بارلىققا كەلگەن دەۋردىن بۇيان، جۇڭگو بىلەن ئۈزلۈكسىز زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنلىكتىن،



تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ تەرەققىي قىلغان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. بۇ ئەھۋال يېزىق بىلەن خاتىرە يېزىلىدىغان دەۋردىلا تۇساتتىن پەيدا بولۇپ قالغان بولماستىن، بەلكى يىراق زامانلاردىن باشلاپلا ئاساسەن شۇنداق بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئەمما ئۇلار پەقەت جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەنلا ئۇچراشقان ئەمەس. يېقىنقى زامان ئارخېئولوگلىرىنىڭ قېزىپ تەكشۈرۈشى ۋە تەتقىقاتلىرىدىن مەلۇم بولۇۋاتقاندەك، مۇشۇ دەۋردىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا مەنسۇپ ئېرقلارنىڭ، ياكى شۇ دەۋردىن كېيىنكى ۋاقىتلارغا مەنسۇپ بولسىمۇ، خاتىرە قالدۇرمىغان شىمالدىكى ئېرقلارنىڭ تەۋەرۈكلىرى ئىچىدە غەرپ سىستېمىسىنىڭ مەدەنىيەت تۈسىگە ئىگە بىر مۇنچە نەرسىلەر بار. ئۇلارنىڭ خەن دەۋرىگە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ مەدەنىيەتلىرى ئىچىدە بۇ ئىككى سىستېمىنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرى بار دەپ قارالغان نەرسىلەرمۇ مۇشۇ ئەھۋالغا ۋارىسلىق قىلغان بولۇشى كېرەك. جۇڭگو مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، تەڭرى تاغ تىزمىلىرىنى بويلاپ ئالتايغا بارغىلى بولىدىغان سودا يولىنىڭ بارلىقى مەلۇم بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى تاڭ دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا سۈرۈشكە بولمايدۇ. بۇ قاتناش يولى تارىخنامىلاردىكى خىلمۇ-خىل خاتىرىلەرگە قارىغاندا، شۈبھىسىزكى، خەن دەۋرىدىن ئىلگىرىلا ئېچىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يولنىڭ ئېچىلىشى خەن دەۋرىدىنمۇ ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا سۈرۈلۈشى كېرەك. تەشكىللىك سودا كارۋانلىرىنىڭ چەۋەنداز مىللەتلەر بېرىپ-كېلىپ يۈرۈپ ئېچىپ قويغان تەييار يوللارنى بويلاپ سودا يولى ئېچىشى تەبىئىي ئەھۋالدۇر. ھالبۇكى، قەدىمدىن تارتىپ قۇملۇق چۆلنىڭ شىمالىنى ئانا ماكان

قىلىپ كەلگەن مىللەتلەر دائىم ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىدارە قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن (كېيىنكى ئەسىرلەردىكى تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش)، بۇ، قەدىمدىن تارتىپ بۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قاتناش مۇناسىۋىتىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تېخىمۇ شىمالدىكى سىبىرىيىگە بېرىپ-كېلىشتە ئۆتىدىغان يولغا كەلسەك، بۇ جەھەتتە پايدىلانغۇدەك خاتىرە بولمىغاچقا، ئارخېئولوگىيىنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشىغا مۇھتاجمىز. سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدە سوغدىلار قۇملۇق چۆلنىڭ شىمالىدىكى تۈرك مىللىتى ۋە قىرغىز قەبىلىسى ئارىسىغا كۆپلەپ كىرىپ-چىقىپ تۇرغان، تەرەپ-تەرەپلەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان، بۇمۇ تاسادىپىيلىق بولماستىن، بەلكى ئىلگىرىكى ئەھۋاللارغا ۋارىسلىق قىلغانلىقتۇر. تاڭ سۇلالىسىدىكى دەسلەپكى تيەنباۋ يىللىرىدا، نۇرغۇن سوغدىلار خۇددى بۇرۇن تۈركلەر ئارىسىغا كىرىپ-چىقىپ تۇرغاندەك، قۇملۇق چۆلنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئارىسىغىمۇ ناھايىتى كۆپلەپ كىرىپ-چىقىپ تۇرغان. تاڭ سۇلالىسى تارىخىدا ھەدېسىلا ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىنغان توققۇزخۇ (يات مىللەتلەر) دېگەنلەر دەل مۇشۇ كىشىلەردۇر. ئۇيغۇرلار تاڭ خاندانلىقىغا ياردەملىشىپ ئوڭلۇك-سويگىن توپىلىڭىنى باستۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، تاڭ خاندانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشقان، ئۇيغۇرلاردىن تاڭ خاندانلىقى تەرەپكە بېرىپ-كېلىپ تۇرىدىغانلار ياكى تاڭ يۇرتلىرىدا تۇرۇپ قالغانلار كۆپەيگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تاڭ خاندانلىقىنىڭ ئادەملىرىدىن



ئۇيغۇر خانلىقىغا كەلگەنلەرمۇ ناھايىتى كۆپەيگەن. شۇنىڭ بىلەن، تاڭ سۇلالىسى مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ بارغانسېرى كۆرۈنەرلىك بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تاڭ خاندانلىقىدا تۇرۇشلۇق غەرپنىڭ مانىزىم راھىپلىرىمۇ "ئوڭلۇك-سويگىن توپىلىڭى"نى پۇرسەت بىلىپ، ئۇيغۇرلارغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ خانلىقىغا كىرىۋالغان، نەتىجىدە مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ كەڭ تارقالغان.① بۇنىڭغا ئەگىشىپ سوغدىيانىنىڭ ئادەتتىكى مەدەنىيىتىمۇ بۇ يېڭى ۋەزىيەتتە ئۇيغۇن ھالدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن. تاڭ خاندانلىقى ۋە سوغدىيانا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ سىمۋوللىرىدىن بىرى ئۇيغۇر خاقان خاتىرە تېشىدۇر. بۇ خاقان (توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بۇلمىش ئالىپ بىلگە خاقان) 9-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا (يەنى 808-يىلدىن 821-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا) تەختكە ئولتۇرغان، بۇ خاتىرە تېشىنىڭ قالدۇقلىرى ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىدىكى ئورخۇن دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى قارابالغاسۇن خارابىسىدا ساقلىنىپ قالغان. ئۇنى 1890-يىلى فىنلاندىيىلىك ھېكىل (Heikel) بۇ يەردە ساياھەت قىلىپ كېتىۋېتىپ تېپىۋالغان ۋە ياندۇرقى يىلى ئىلمىي ساھەگە ئېلىپ كىرگەن. 1895-يىلى روسسىيىلىك رادلوۋ ئۇنى ئىلمىي ساھەگە قايتىدىن تونۇتقان.

① تۆۋەندە قەيت قىلىنىدىغان توققۇز ئۇيغۇر خاقانى خاتىرە تېشىدىكى خەنزۇچە خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، ئوڭلۇك-سويگىن توپىلىڭى بولغاندا تاڭ خاندانلىقىغا ياردەمگە بارغان بوكۇخاقان قايتىشىدا ئىككى مۇرىتنى يەنى ئىككى مانىزىم راھىبىنى ئۇيغۇر خانلىقىغا ئېلىپ قايتقان. بۇ راھىپلار مانى دىنىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقاتقان.

شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشى ئارقىسىدا بۇ خاتىرە تېشىنىڭ ئۇيغۇرچە، سوغدىچە ۋە خەنزۇچە — ئۈچ تىلدا يېزىلغانلىقى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇچە قىسمى ① نىڭ ئەڭ ئېنىق ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. بۇ خاتىرە تېشىنىڭ 3 خىل يېزىقتا ئويۇلغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ئالدى يۈزىدىكى ئۇيغۇرچە قىسمى تۈرك دەۋرىدىلا بۇ يەردە قوللىنىلغان تۈرك يېزىغى (ياكى يېنسەي يېزىغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بىلەن ئويۇلغان. ئىككىگە بولۇنگەن ئارقا يۈزىگە خەنزۇچە قىسمى خەنزۇ يېزىغى بىلەن، سوغدىچە قىسمى سوغدى يېزىغى بىلەن ئويۇلغان، سىغمىغان قىسمى ئىككى يانغا ئويۇلغان. تۈرك يېزىغى ئىلگىركى دەۋرلەردە تۈركلەر قوللانغان يېزىق (غەربتە پەيدا بولغان ئەرمىنىيە يېزىغى) بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق يېنسەيدىكى تۈركلەرگە تارقىلىپ، تەدرىجى ھالدا شەرققە ئومۇملاشقان ئىدى. ئۇ چاغدىكى ئۇيغۇر يېزىغى سوغدى يېزىغىنى ئىسلاھ قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن يېزىق بولۇپ، ئۇنى ئۇيغۇرلار تېخى قوللانمىغان. بۇ خاتىرىنىڭ 3 خىل يېزىق بىلەن 3 خىل تىلدا يېزىلىشى ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى مەدەنىيىتىدىن باشقا يەنە شۇ چاغدا ئۇ يەردە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان خەنزۇ مەدەنىيىتى ۋە سوغدى مەدەنىيىتىنىمۇ ئىپادىلەپ بېرىدۇ. تۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئورنىتىلغان بىرقانچە مەڭگۈ

① بۇ خاتىرە تېشىنىڭ خەنزۇچە قىسمى ناھايىتى مۇھىم. ھازىرغىچە ئۇنى Vasiliev, Schegel, Deyoria قاتارلىقلار ئىزاھلاپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىزاھلاردا بىرمۇنچە خاتالىق بار. بۇنىڭدىكى مانىزىم ھەققىدىكى خاتىرىلەرگە شاۋەن، پېللىوت قاتارلىقلارنىڭ تەتقىقاتى ئارقىلىق توغرا ئىزاھات بېرىلدى، (بۇ ئىككىسىنىڭ يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن كىتاۋىنىڭ 177، 199 - بەتلىرىگە قاراڭ)



تاشلاردىن سوغدىلارنىڭ تۈركلەر سىياسىتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولسىمۇ، ئەمما سوغدى تىلىدا يېزىلغان مەڭگۈ تاشلار يوق. (گېيك شىمىنىڭ ئىزاھاتى: يېقىنقى يىللاردا سوغدى تىلىدا يېزىلغان تۈرك خانلىقى دەۋرىگە ئائىت مەڭگۈ تاشلار تېپىلدى). تۈرك يېزىغىدىن باشقا يېزىقلاردىن پەقەت خەنزۇ يېزىغىلا قوللىنىلغان. ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە سوغدى يېزىغى قاتارلىق 3 خىل يېزىقتا يېزىلغان مەڭگۈ تاشنىڭ مەيدانغا كېلىشى سوغدىلارنىڭ تەسىرىنىڭ ئۇ چاغدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە پەقەت سىياسىي جەھەتتىلا ئەمەس، دىنىي جەھەتتىمۇ چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا قوبۇل قىلغان قۇملۇق چۆلنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ بىرىكىش رولى كۆرۈنەرلىك بولغان، ئاخىرىدا مۇشۇنداق مەڭگۈ تاش بارلىققا كەلگەن. خاراكتېرى ۋە شەكلى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتىگە خاس ئىكەنلىكى ئۆز ئۆزىدىن مەلۇم، ئۇنىڭدىكى نەقىشلەرمۇ شۇنداق. دېمەك، تۆۋەندە سۆزلىنىدىغان شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ بىرىكىش ھادىسىسى قۇملۇق چۆلنىڭ شىمالىدىكى مەڭگۈ تاشلاردا ئاللىقاچان ئىپادىلەنگەن.

مۇشۇنداق مەدەنىيەت ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئاخىرقى تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە غەربكە كۆچتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى ئىدىقۇتتىن تەرەپ-

تەرەپكە تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ئەسلىدىكى ئاھالىنىڭ ئورنىنى بېسىپ ئۇ يەرلەرنى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەزەلدىن تەرسالىق بىلەن غەرب مەدەنىيىتى سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان، شەرق مەدەنىيىتىگە كەلگەندە ھېسسىي بىلىشىمۇ كەم بولغان غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيىتىدە ئاھالىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئىككى خىل مەدەنىيەت قوبۇل قىلىنغان يېڭىچە بىرىكىش ھالىتى ئىپادىلەندى. ئەمدى ئۇلار يېڭىدىن ئېتىقات قىلغان بۇددا دىنى نۇقتىسىدىن مۇشۇ ئەھۋال ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

يۇقۇرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئۇيغۇرلار تاشقى موڭغولىيىدىكى چېغىدىلا مانى دىنىغا ئېتىقات قىلغان ئىدى. غەربكە كۆچكەندىن كېيىنمۇ بۇ ئېتىقادىنى ساقلاپ قالدى. 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئارال دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىكى خۇراساندا قوروق ئىگىلىرى مانىستلارغا زىيانكەشلىك قىلغاندا، ئۇلار قەتئىي ھالدا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، دىنداشلىرىنى قوغدىدى.① شۇ ئارىدا ئۇلار يەنە تەدرىجىي ھالدا بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىدى ۋە بىر مۇنچىلىرى بۇددا دىنىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇنى سۈڭ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يېزىلغان ھوججەتلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن ئېنىق بېكىتىش مۇمكىن. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يەرلەردىن قېزىۋېلىنغان، ئادەتتە ئۇيغۇرچە دەپ ئاتىلىدىغان بۇددا نوملىرى ئىچىدە تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا تەرجىمە قىلىنغان نەرسىلەرنى

① «ئابۇلپىدا جۇغراپىيىسى» 1 - توم d. Aboulfeda Tom ·I. Introdwetion P. CCCLXI) (Reineud Giogrephie



چېلىقتۇرۇشقا بولىدۇ. بۇ نوملار ئىچىدە ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇن بۇ يەرلەردە ئولتۇراقلاشقان بۇددىزىمچى تۈركلەرنىڭ (كۆپ بولمىغان ھالەتتىمۇ) — ئۇلار ئارىسىدا ئۇيغۇرلارمۇ بولۇشى مۇمكىن — تۈركچىگە تەرجىمە قىلغانلىرىمۇ بار. ئەمما قېزىۋېلىنغاندا ئارىلىشىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركچە بىلەن ئۇيغۇرچە ئاساسەن ئوخشىشىپ كەتكەچكە، بۇلارنى بىر بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، يەنە كېلىپ، كېيىنچە ئۇيغۇر يېزىقى دەپ ئاتالغان يېزىق بىلەن يېزىلغانلىرى كۆپرەك. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك "ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرى" دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما بۇ زادىلا توغرا بولمىغان ئاتاشتۇر. ئەمەلىيەتتە، بۇددا نوملىرى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشتىن ئىلگىرى تىل ۋە يېزىق جەھەتتە ئۇيغۇرچىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدىغان تۈركچە بۇددا نوملىرىنىڭ بارلىقى بىزگە مەلۇم. مەسىلەن كىتاۋىمىزنىڭ ئىككىنچى قىسىم تۆتىنچى بابىدا بۇددا نوملىرى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا مۇقەددىمىسى ۋە خاتىمىسى تىلغا ئېلىنغان تۈركچە بۇددا نوملىرى دەل مۇشۇ خىلغا كىرىدۇ. بۇنىڭ سىرتىدا، يەنە مۇقەددىمىسى ۋە خاتىمىسى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان نوملار① ۋە مۇقەددىمىسى بىلەن خاتىمىسى بولمىسىمۇ ئۇيغۇرچە دەپ قاراشقا ئاساسلىق نوملار، شۇنىڭدەك تۈركچە ياكى ئۇيغۇرچە ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىش ناھايىتى تەسكە چۈشىدىغان بىر مۇنچە

① رادلوۋ: «بۆت ساتىۋا — ئاۋالوكىتېشۋارا»، («گۇەنشىيىڭ فۇسا») 27 -، 47 - بەتلەر (Radloff. · Kuan—si—im Pusar P.27 P.47)
لې كوك: «ئىدىقۇتتىن تېپىلغان مانىزىم دەستۇرلىرىنىڭ قالدۇقلىرى توغرىسىدا»، «تومسىنىڭ خاتىرە ماقالىلىرى»غا بېسىلغان.

نەرسىلەرنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئۇيغۇرچە نوملار ئارىسىدا ئۇيغۇرلار غەرپكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا ئائىتلىرىمۇ بار. ئۇيغۇرلارنىڭ غەرپكە كۆچۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا مانىزىمچىدەلىقتىن بۇددىزىمچىلىققا ئۆتكەن ۋاقىتلىرىغا ئائىتلىرىمۇ بار، بۇنىڭغا يېڭىدىن قېزىۋېلىنغان ماتېرىياللاردىن پاكىت تېپىپ بېرىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر بۇددىزىمىنىڭ قايسى سىستېمىدىن كېلىپ چىققانلىقىغا كەلسەك، ھازىر بىزگە مەلۇم بولغان ئۇيغۇرچە نوملار ئارىسىدا تۈركچە نوملارغا ئوخشاش، غەرپنىڭ ئەسلى نوملىرىدىن كېلىپ چىققانلىرى، تىبەتچىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىرى، شۇنىڭدەك خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىرىمۇ بار. جۇڭگودا يېزىلغان ساختا نوملارنىڭمۇ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ كەڭ تارقالغانلىرى بار.① ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھەممە نوملارنى مۇكەممەل بىلىدىغان ئۇلىما شۋەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى — «خەيرى - ئىھسان ئىبادەتخانىسىدىكى پىركامىل ئۇستازنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭمۇ تەرجىمىسى② مەيدانغا كەلگەن.

① مەسىلەن، «ئاسمان ۋە زېمىندىكى سەككىز مۆجىزىكەر تەڭرى سوترىسى» دېيىلگەن ساختا نومنىڭ تەرجىمىسى (كەمىنىمنىڭ ئەسىرى: «ئۇيغۇرچە يېزىلغان ئاسمان ۋە زېمىندىكى 8 مۆجىزىكەر تەڭرى سوترىسى»، «ياپونىيە ئىلمىي ژورنىلى» 2-توم، بىرىنچى، ئىككىنچى دەپتەرلەر) ناھايىتى كەڭ تارقالغان. بۇنى ھەرقايسى ئەللەر قېدىرىش ئەترەتلىرىنىڭ جاي - جايلاردىن تېپىپ توپلىغان نەرسىلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

② گابائىن: «شۋەنجۇاڭ تەرجىمىھالىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى توغرىسىدا»، «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇھىم خاتىرىلىرى» گە بېسىلغان. 1935-يىل، VII: 1938-يىل، XXIX.



بۇ شۇ چاغدا قەدىمدىن تارتىپ مۇشۇ يەردە تارقىلىۋاتقان توخارچە ۋە خوتەنچە نوملارنى ئوقۇيالايدىغان ئادەملەرنىڭ قالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ بۇددىزىم سىستېمىسىنى شەرق ۋە غەرپتىن كەڭ قوبۇل قىلغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان ۋە بىرمۇنچە سىستېمىدىن كېلىپ چىققان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بۇددا دىنى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. باشقا مىساللاردىن ئالىدىغان بولساق، ئېھتىمال، مانى دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن بىللە يېتىپ كەلگەن قىممەتلىك «ئىزوپ مەسەللىرى»① دىكى بىر مەسەلنىڭ تەرجىمىسى بار، بۇنىڭدىن، بۇ ئەدەبىياتنىڭمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، تۇرمۇشتىكى پالچىلىقتىمۇ شەرق ۋە غەرپ سىستېمىلىرىنىڭ ئۇسۇللىرى تەڭ قوللىنىلغان. بىر تەرەپتىن، خىرىستىيان دىنىنىڭ كالامى —«ئىنجىل» دىن بەزى جۈملىلەر تاللىۋېلىنىپ، شۇ ئارقىلىق ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، بالا - قازا بىلەن بەخت - سائادەتلەر ئۈستىدە پال ئېچىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن جۇڭگونىڭ ئاددىي پالچىلىقى ھەققىدىكى ساۋاتلىرىمۇ قوبۇل قىلىنغان. بۇنى ھەر ئىككىسىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان، كېيىن يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان كىتاپلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.② بۇ جەھەتتە يەنە

① LeCog: Türkische Manichaica aus chotschol («ئىدىقۇتتىن تېپىلغان تۈركچە مانىزىم ھۆججەتلىرى») 33-بەت، III.

② «غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» 168—170-بەتكىچە.

باشقا بىر قانچە مىساللارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن، بۇ يەردە بىر - بىرلەپ مىسال ئېلىپ ئولتۇرمايمىز.

دىمەك، يىڭىدىن تۇراقلىق تۇرمۇشقا قەدەم قويغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بوز يېرىگە چېچىلغان بارلىق ئۇرۇقلار بىخ سۈرۈپ ئۈنگەن بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان بۇ مەدەنىيەتلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەبىئى ھالدا بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن. بۇ ئارىلاشمىلىق دەل ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچىلىگىدۇر. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە، غەربىي يۇرتلۇقلار ۋە خەنزۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قالغان بولغاچقا، بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا ئارىلىشىپ كېتىش ئەھۋالى كورۈلمىگەن. بۇ چاققا كەلگەندە بولسا ئۇيغۇرلار مەدەنىيەتلەرنىڭ سىستىما تۈرلىرىنى سۈرۈشتە قىلىپ ئولتۇرماستىن كەڭ تۈردە قوبۇل قىلىۋەرگەن، شەرق ۋە غەرپ مەدەنىيەتلىرى ئۇلارنىڭ جەمئىيىتىدە بىر-بىرىگە تەدرىجى ئارىلىشىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغان بىرىكمە مەدەنىيەت بارلىققا كەلگەن. بۇ، ئەقىلگە سىغمايدىغان ئەھۋال ئەمەس. بۇرۇن غەربىي يۇرتتا پەيدا بولغان، بىراق گەۋدىلەنمىگەن شەرق ۋە غەرپ مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئارىلىشىش ۋە بىرىكىش ھادىسىسى ئۇ يەردىكى غەربىي يۇرتلۇقلار ۋە خەنزۇلارنىڭ ئۆز مەدەنىيەتلىرىدە تەرسالىق بىلەن چىڭ تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق بىر تەرەپلىمە قاراشنى تۈگەتكەن، مەدەنىيىتى تۆۋەنرەك ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار بۇ يەرلەرنى ئىگىلىگەندىن كېيىنلا مۇقەررەر يۈزلىنىشكە ئايلانغان. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا،



غەربىي يۇرتتا بۇنداق بىرىكمە ھالەتتىكى مەدەنىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يەرنى ئىگەللىشىگە ئەگىشىپ پەيدا بولغان مۇقەررەر ھادىسىدۇر. ئەمدى بىر-ئىككى مىسال ئېلىپ بۇ خىل بىرىكمىلىك ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتەيلى.

ئۇيغۇرلار غەرپكە كوچۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا مانىزمچىلىقتىن بۇددىزمچىلىققا ئۆتكەن، ئۇلار مۇنداق ئېتىقاتنى ئۆزگەرتىش داۋامىدا مانىزىم ئىدىيىسىنى بۇددىزمغا ئېلىپ كىرىش ئارقىلىق، كىشىلەرگە مۇنداق ئارىلاشمىلىق ۋە بىرىكمىلىك ئالامەتلىرىنى كورسەتكەن. ئالايلۇق، ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىدىكى تەڭرى ۋە دىۋە - پەرىلەرنىڭ نامىنى مانى دىنىدىكى ئىلاھلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان، مەسىلەن، تەڭرى (Bramha) نى ĂZrua ئازرۇئا دەپ ئاتىغان، ئۇلۇغ تەڭرى (indra) نى khormuzta قورمۇزتا دەپ ئاتىغان ۋە باشقىلار. ئازرۇئا ئىران ئىلاھى زېرۋاننىڭ باشقىچە ئاتىلىشى، قورمۇزتا بولسا ئورمۇزدنىڭ باشقىچە ئاتىلىشىدۇر. ئالۋاستىلارنىڭ كاتتىسىنى شامنۇ دەپ ئاتاشمۇ ئوخشاشلا مانى دىنىدىن كەلگەن. كىشىلەر، ئېھتىمال، بۇ پەقەت ئىسىملارنىڭ باشقىچە ئاتىلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ قارىشى مۇمكىن، ئەمما بىز ھېچ بولمىغاندىمۇ ئىسىملار بىر نەچچە خىل قوللىنىلىۋاتقاندا، مانى دىنى بىلەن بۇددا دىنى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم دەرىجىدە تومۇرداشلىق بار ئىكەنلىكىگە سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. باشقىچە ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن ئىلاھ بىلەن بۇت ساتىۋا ئورتاق گەۋدە دىيىلىۋاتقان بىر خىل ئىدىيىنى كورۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ناملار موڭغۇللارنىڭ بۇددىزمىدىمۇ قوللىنىلغان، بۇ-ئۇيغۇر

بۇددىزىمنىڭ مۇڭغۇللارغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

يەنە بىر مىسالنى ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر مانىزىمچىلار ئارىسىدا قوللىنىلغان بىر خىل كالىنداردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. كالىندار سوغدى تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كۈنلەر بىرلا ۋاقىتتا سوغدىچە، خەنزۇچە، تۈركچىدىن ئىبارەت 3 خىل نام بىلەن خاتىرىلەنگەن. يەنى ئاۋال سوغدى تىلى بىلەن يەتتە كۈننىڭ ناملىرى خاتىرىلەنگەن، ئاندىن شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا خەنزۇچە دەۋر بەلگىسى 甲، 乙، 丙، 丁 (a، b، c، d) قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن، تۈركلەر كۈنلەرنى خاتىرىلەشتە قوللىنىدىغان چاشقان، كالا، يولۋاس، توشقان قاتارلىق 12 مۈچەل خاتىرىلەنگەن، ئۇنىڭ تۆپىسىگە يەنە جۇڭگوچە بەش ئاناسىر يەنى، دەرەخ، ئوت، تۇپراق، ئالتۇن، سۇلار سوغدىچە تەرجىمە قىلىنىپ، كۈن ئارىلاپ قىزىل خەت بىلەن خاتىرىلەنگەن. بۇ كالىندارنى گەرچە ئۇ يەردىكى سوغدى تىلىدا سۆزلىشىدىغان مانىزىمچىلار قوللانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ، بۇ يەردىكى 3 خىل مەدەنىيەتنىڭ بىرىكىش ھالىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ۋە شۇنداقلا ئۇ يەردىكى مەدەنىيەتنىڭ خاراكتېرىگە ناھايىتى ياخشى ۋەكىللىك قىلىدۇ.

بۇنداق يۈزلىنىشنى ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرىدىنمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يۇقۇرىدا تاڭ دەۋرىدە بىرمۇنچە خەنزۇلار غەربىي يۇرتقا كىرىپ - چىقىپ تۇرغانلىقتىن، تەدرىجى ھالدا تاڭ دەۋرىنىڭ ئۇسلۇبى بىلەن غەربىي يۇرت ئۇسلۇبىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رەسساملىق سەنئىتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەن



ئىدۇق. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەنگەن. ئۇيغۇرچە بېغىشلىمىلار ۋە خەت يېزىلغان تام رەسىملىرى، كېمىر رەسىملىرى ھەتتا قەغەز ۋە گەزماللارغا سىزىلغانلىقىغا شەك كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ئەينى زامان رەسىملىرىدىن بۇنداق بىرىكمىلىكنى ئىپادىلەيدىغان بىر مۇنچە ئالامەتلەرنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئالىملار مۇشۇ ئۆزگىچىلىكنى نەزەردە تۇتۇپ بۇ يېڭى دەۋردىكى رەسىملەرنى "ئۇيغۇرچە رەسىم" دېگەن نام بىلەن ئاتايدۇ.

يۇقۇرىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىرىكمىلىك ئالاھىدىلىكىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتتۇق. بۇ بىرىكمىدە شەرق مەدەنىيىتى يەنى جۇڭگو مەدەنىيىتى ئاساسىي ئامىلمىدى ياكى غەرپ سىستېمىسىغا تەۋە مەدەنىيەت ئاساسىي ئامىلمىدى، دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇ ئۇنىڭ تۈرلىرى، دەۋرلىرى ۋە سورۇنلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەسلىك كېرەك. بەزىلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاساسلىقى غەرپ مەدەنىيىتىگە تەۋە① دەپ قارايدۇ. بۇ، تولىمۇ يۈزەكى پىكىر، ئاساس قىلىشقا يارىمايدۇ.

① لې كوك: «شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت بايلىقى»

سەككىزىنچى باپ

# تۈرك مىللىتى ۋە ئىسلام دىنى

9-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 10-ئەسىرگىچە سوغدى ۋە خۇارەزىملەردە سامانىلار سۇلالىسى ھوكۇمرانلىق قىلدى. بۇ دەۋردە پايتەخت بۇخارا خوجىدار ئىسمائىلنىڭ ئىدارە قىلىشى بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە گۈللەپ-ياشناپ، شەرق ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. يۇقۇرىدا (ئىككىنچى قىسىم تۆتىنچى باپتا) چۇ دەريا ۋادىسىدىكى بالاساغۇننى تايانچ بازا قىلغان تۈرك مىللىتىنىڭ ئاتامانى ساتۇق بۇغراخاننىڭ 10-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا 200مىڭ ئائىلىگە باش بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىگىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق (بۇ ۋەقە سامانىلار سۇلالىسى ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان چاغدا يۈز بەرگەن). بۇ، سامانىلار سۇلالىسىنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىسلامىيەتنىڭ شەرققە قاراپ ئىلگىرىلىگەنلىگىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تاڭ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا بۇددا ئولىماسى شۈەن جۇاڭنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەسلىدە بۇ يەردىكى تۈرك مىللىتى ئاساسەن زورو ئاستىرىزىم (ئاتەشپەرەستلىك دىنى) نىڭ ئېتىقاتچىلىرى ئىكەن. كېيىنكى چاغلاردا سوغدىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، مۇشۇنداق زور تۈركۈملەپ ئىسلام دىنىغا كىر-



گەن بولسا كېرەك.

10-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، سامانىلار سۇلالىسى زاۋاللىققا يۈزلەندى. ئىچكى تالاش-تارتىش ۋە جېدەل-ماجىرالار تۈپەيلىدىن سامانىلار تەۋەلىگىدىكى تۈركلەر تەدرىجى ھالدا قۇدرەت تېپىپ، ئۆز ئالدىغا پادىشا تىكلىۋالدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بۇغراخان ئەۋلادىدىن ئېلىكخان دەرھال بۇخاراغا كىرىپ، سامانىلار سۇلالىسىنىڭ تەختىنى ئالدى. بۇ سۇلالىنىڭ تەسىر دائىرىسى، ئېھتىمال، شۇ چاغدىن باشلاپ تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى رايوننىڭ غەربى تەرەپلىرىگىچە كېڭىيىپ بارغان بولسا كېرەك. ئىسلام تارىخچىلىرىنىڭ خاتىرىلىرى①گە ئاساسلانغاندا، 1043-يىلى بالا ساغۇندا ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر (خەن دەۋرىدىكى سۇلى) ئەتراپىدا تۈركلەردىن 10مىڭ ئائىلىلىك ئىسلام دىنىغا كىرگەن. بۇ، سوغدى رايونىدىكى بۇغراخانلار سۇلالىسى يەنى قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ ئۆز تەسىر دائىرىسىنى تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى رايوننىڭ غەربىي تەرەپلىرىگىچە كېڭەيتكەنلىگىنىڭ نەتىجىسىدۇر. شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، قەشقەرنىڭ جەنۇبىدىكى ياركەنت (خەن دەۋرىدىن كېيىن خەنزۇلار 渠莎 دەپ ئاتىغان يەر) گىمۇ ئىسلام دىنى تارقالغان. بۇنى شۇ يەردىن يېڭىدىن قېزىۋېلىنغان ھۆججەتلەر ئارقىلىق ئىسپاتلاش مۇمكىن. بۇ ھۆججەتنى② پېللىيوت قولغا چۈشۈر-

① بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خىرىستىيان دىنىنىڭ تارىخى» 50-بەتتە ئىبنى ئەل ئاشىر (Ibni—al—Athit) نىڭ خاتىرىلىرىدىن نەقىل كەلتۈرگەن.

② (Duart' Document de Aisie centrale) «ئوتتۇرا ئاسىيادىن قېزىۋېلىنغان ھۆججەتلەر»، JA، 1914

گەن بولۇپ، ھوججەتتە 1096 - يىلى يەرلىك تۈركلەرنىڭ يەر سودىسى قىلغانلىقى ھەققىدىكى مەزمۇنلار، گۇۋاچىنىڭ مۇسۇلمانلار سودىيىسى (قازىسى) ئالدىدا قەسەم ئىچكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. بۇ ھوججەت مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قوللىنىلىۋاتقان ئاددى خەت شەكلى بىلەن ئەرەبچە يېزىلغان، ئاخىرىغا ئەرەبچە ھەم ئۇيغۇرچە ئىمزا قويۇلغان. بۇ ئىمزا ئەرەبچە يېزىقنى بىلمەيدىغانلارنىڭ ئۇيغۇرچە يېزىقنى قوللىنىشىغا رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى رايوندا ياشايدىغان تۈركلەردە مۇنداق ھوججەتلەر تۈركچە يېزىلاتتى، ھوججەتلەرنىڭ تىل - تەلەپپۇزى پۈتۈنلەي تاڭ دەۋرىدىكىگە تەقلىت قىلىنغان ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەنلا ئەنە شۇنداق ئۆزگىرىشلەر كېلىپ چىقتى.

ئىسلام دىنىنىڭ تۈركلەر ئارىسىغا تارقىلىشى، باشقا دىنلارنىڭ، مەسىلەن، مانى دىنىنىڭ تارقىلىشىدىكى ئەھۋالغا ئوخشاش، تۈركلەرنىڭ ئېتىقادىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى. يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇسۇلمانلارغا قۇرئاننى بىۋاستە ئەرەبچە ئوقۇش شەرت قىلىنغاچقا، ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادنىڭ ئەۋج ئېلىشى بىلەن، ئەرەب يېزىقى ۋە تىلىمۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تېز تارقالدى. شۇڭا قۇرئاندىن باشقا، ئەرەب تىلىدا يېزىلغان كىتابلارنى ئوقۇش ھەمدە ئۇلاردىن خىلمۇ - خىل بىلىملەرنى ئېلىش بىلەن بىللە، تۈرك تىلى بىلەن ئەرەبچە يېزىقتا كىتاب يېزىشقا يول ئېچىلدى. مەشھۇر



«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇشۇ ۋەزىيەتنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، ئۇ يەرلىك تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىنىڭ مۇقەددىمىسى بولدى. «قۇتادقۇبىلىك»نى 1096 - يىلى بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەشقەردە يېزىپ، قارا بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان. ھازىر ساقلىنىۋاتقان ۋېنا نۇسخىسىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن داستان 73 بابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئەينى زاماندا شۇ يەردە قوللىنىلىۋاتقان تۈرك تىلىنىڭ نەزمە شەكلى بىلەن ئەرەب يېزىقىدا يېزىپ چىقىلغان. ئۇنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدا (قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا) يېزىلغان نۇسخىسىمۇ بار. بۇ نۇسخا پەقەت ئەرەبچە يېزىقنى بىلمەيدىغانلار ئۈچۈنلا مەخسۇس ئۇيغۇرچە كۆچۈرۈلگەن، داستانىنىڭ مەزمۇنى ئىسلام ئەخلاقى مەيدانىدا تۇرۇپ، ھايات يوللىرى ھەققىدە پەندى - نەسىھەت قىلىش، ئادالەت، بەخت - سائادەت، ئەقىل - پاراسەت ۋە قانائەتچانلىقتىن ئىبارەت 4 نەرسىنى ئادەملەشتۈرۈش (ئادەم ئوبرازىغا ئايلاندۇرۇش) ئارقىلىق، 4 ئادەمنىڭ سوئال - جاۋاپ شەكلى بىلەن توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئاپتور بۇ داستانىنىڭ ئاساسەن خانغا بېغىشلانلىقىنى، ئەمما خەلقىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئاپتور يەنە ئەرەبچە، پارسچە يېزىلغان بۇنداق كىتابلار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، بۇنىڭ تۈركچە يېزىلغان تۇنجى ئەسەر ئىكەنلىكىنى، تۈركلەرنىڭ بۇ داستانىنىڭ تۈركچە يېزىلغانلىقىغا ھەيران بولۇپ ئاپىرىن ئوقۇغانلىقىنىمۇ قەيت قىلغان. ئۇ چاغدا يەرلىك مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى كىتاب - نامىلار ئومۇمەن پارسچە ۋە ئەرەبچىلا بولغاچقا، ئۇلار ئەرەب

يېزىقى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا شۇنچە بۈيۈك ئەسەر يېزىلغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران ۋە مەمنۇن بولغان، ئەلۋەتتە. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئىسلامىيەتكە ئۆتۈش شۇ يەردىكى تۈرك مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا ناھايىتى زور رول ئوينىغان.

تۈرك مۇسۇلمانلىرى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ باشلىنىش باسقۇچىدا «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن دەۋرداش يېزىلغان ۋە ئەرەپچە شەرھلەنگەن «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى)مۇ بار.① ئەمما ئومۇمى مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى ناھايىتى قىيىن ئىش، شۇڭا تۈرك ئەدەبىياتىدا كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغىدەك تەرەققىيات 300 يىلدىن كېيىن يۈز بەردى. ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ (ماۋرائىننەھرنىڭ)تۈركلەر ئىشغالىيىتىگە ئۆتۈشى بىلەن سوغدىلار ھالاكەت تەقدىرىگە يولۇقتى. قەدىمقى سوغدى مەدەنىيىتى 11 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئۆز تىلى بىلەن بىرلىكتە ئاساسەن يوقالدى. ئۇنىڭ ئورنىدا ئۇ يەردە تەرەققىياتقا ئېرىشكەن ۋە ئوخشاشلا ئىران تىللىرىغا كىرىدىغان پارس تىلى باش كۆتەردى. دىن تۈپەيلى، ئەرەپ تىلى ئەلۋەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن شەرقىي ئاسىياغىچە ئارىلىقتا قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان سوغدى تىلى يوقالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىدا باش كۆتەرگەن پارس تىلى تاكى تۈرك يېزىقى گۈللەنگەنگە قەدەر مۇشۇ ھالەتنى ئىزچىل ساقلاپ قالدى.

① مەخمۇت ئىبنى ئەل ھۈسەيىن ئەل قەشقەرى 1073 - يىلى تۈزگەن «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»نى كورستىدۇ. 1928 - يىلى بروككېلمان ئۇنى لاتىن ئېلىپبەسىنىڭ ھەرپ تەرتىۋى بويىچە قايتا تۈزگەن ھەمدە نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىپ Worsehatoz Mitteltür kicher دىگەن نام بىلەن بۇداپېشتتا نەشر قىلدۇرغان.



موڭغۇل دەۋرىگە كەلگەندە، پارس تىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە ئۇنىڭ شەرقىدە خەلقارا تىل بولۇپ قالدى.

موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلىشى غەربىي يۇرت تارىخىدا زور ۋەقە بولدى. مەدەنىيەت ئىگەللىدى. ئەرەپ تىلى سېمىت (سامى - ھامى) تىللىرى سىستېمىسىغا تەئەللۇق بولۇپ، ئىران مىللەتلىرىنىڭ تىلىغا ئوخشىمايدۇ. مۇسۇلمانلار پېرسىيىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، شەرقتىكى ئىران مىللەتلىرى ھەممە ئىشلاردا ھامان باغدات خەلىپىلىكىنىڭ سىياسى بىلەن دىنى بىرلەشتۈرگەن ھاكىمىيىتىگە ئاداۋەت ساقلاپ، ئۆزلىرىنىڭ تىل ۋە ئومۇمى مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئەزەلدىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىلىرىدە قەتئى چىڭ تۇردى. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، شۈبھىسىزكى، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە توسقۇن بولدى، شۇنداقتىمۇ، ئۇ ھېچقانداق زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمىدى. موڭغۇللار ئەسلىدە قۇملۇق چۆلنىڭ شىمالىدا باش كۆتەرگەن كىچىك قەبىلە بولۇپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ دەرىجىسى خوشنا قەبىلىلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى، ئۇلارمۇ تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا قالاقلىق ھالىتىدىن قۇتۇلالمىغان ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ بىر قاتار تۈزۈملەرنىمۇ بارا - بارا ھازىرلىۋالدى. دەسلەپتە ئۇلار قىتان، جورجان، ئۇيغۇر قاتارلىق ئىلغار قەبىلىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى قوللىنىشتىن نېرىغا ئۆتەلمىدى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۇلارغا كاتتا تەسىر كۆرسەتتى. موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغانلىقى دەل بۇنىڭ دەلىلىدۇر. موڭغۇللار گويا ئالۋاستىلاردەك غالجىرلىق بىلەن ھەركەت قىلاتتى، بارغانلا يېرىدە ھەرقانداق

مەدەنىيەتنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلاتتى، دەيدىغان قاراشلار-
نىڭ مۇۋاپىق بولۇشى ناتايىن. موڭغۇللارنىڭ ئىنچىل-
فاگچىنى — قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى ئۆزۈل-كېسىل ۋەي-
ران قىلىش ۋە قىرغىن قىلىش، قارشىلىق كۆرسەتمىگەن-
لەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشىغا يول
قويۇش ئىدى. موڭغۇللارنىڭ ئۆزى يۈكسەك مەدەنىيەتلىك
بولمىغاچقا، ئۇلار بارلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى
قوبۇل قىلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. ئۇلار ئوتتۇرا
ئاسىيانى ئىشغال قىلغىنىدىن كېيىن، ئۇيەرنىڭ مەدەنىيەت
تەرەققىياتىغا توھپە قوشمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەرەققى-
ياتقا توسقۇنلۇقمۇ قىلمىدى. شۇڭا، ئوتتۇرا ئاسىيا موڭ-
غۇللار ئىشغالىيىتىگە ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۆز مەدەنىيىتىنى
بۇرۇنقىدەكلا ئاستا-ئاستا تەرەققىي قىلدۇرۇۋەردى. ئەمەلى-
يەتتە، ئىسلام دىنى موڭغۇللار ھاكىمىيىتىنىڭ ھېچقانداق
زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىمايلا قالماستىن، بەلكى باشقا دىنلارغا
ئوخشاش ئېتىقات ۋە تەشۋىقات ئەركىنلىكىگە ئىگە بولدى،
مۇسۇلمانلارمۇ موڭغۇللارنىڭ ھېچقانداق چەكلىمىسىگە ئۇچ-
رىماي ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. چىڭ-
گىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا خۇارەزىم پايتەختىدە
يالۋاچ، مەسئۇد دېگەن ئاتا-بالا ئىككىيلەن ئۇستۇرۇلگەن ۋە
كېيىنكى كۈنلەردە بىر نەچچە ئەۋلات موڭغۇل خانلىرىغا
خىزمەت قىلىپ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا خىزمەت كۆر-
سەتكەن، بۇنىڭدىن باشقا، موڭغۇللارنىڭ خان ئوردىلىرىدا
ئەتىۋالاپ ئىشلىتىلگەن مۇسۇلمانلار ناھايىتى كۆپ، موڭغۇللار
ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا سىر ۋە ئامۇ دەريالىرى-
نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جايلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇ-



رۇشقا تەيىنلەنگەن جۇمىلەتۇلمۇلۇك (Jumilat-ulmulk)
دېگەن مەشھۇر كىشىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىگە گەپ سىغمايدۇ.
بۇ كىشى ئەينى زاماندا شۇ يەرلەردە نۇرغۇن مەچىت ۋە
مەدرىسىلەر سالدۇرغان، موڭغۇللار بۇ ئىشلارنى ھەرگىز باس-
مىغان، شۇنىڭ بىلەن، ئىسلام دىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە
تەرەققىي قىلىپ، تۈركلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئومۇملى-
شىپلا قالماستىن، بەلكى يېڭىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن
موڭغۇللار ئارىسىدىمۇ ئىسلام دىنىغا كىرگۈچىلەر بولغان ۋە
ئۇلارنىڭ شەرقىي ئاسىياغا كەڭ تۈردە يۈرۈش قىلىشىغىمۇ
شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

يۇقۇرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، موڭغۇللار ئوتتۇرا
ئاسىياغا يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەر ئاساسەن چىغاتاي
خاندانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. ئەمما ئاللىقاچان شەر-
قىي ۋە غەربىي تۈركىستانلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان تۈرك-
لەر ھەرگىزمۇ بەزىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك ئىرق ۋە مەدەنىيەت
جەھەتلەردە دەرھاللا موڭغۇللىشىپ كەتمىگەن. چۈنكى بۇ
ئىككى مىللەتنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى باشقا-باشقىچە بولغاچقا،
موڭغۇللار بۇ يەرنى باشقۇرغىنى بىلەنمۇ تۈركلەر بىلەن
بىللە شەھەرلەردە تۇرماستىن، ئۆز ئەنئەنىسى بويىچە شە-
ھەرلەرنىڭ ئەتراپىدا چېدىر تىكىپ جايلاشقان ۋە شەھەر
ئاھالىسىنى مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن نازارەت قىلغان.
كەڭ تەبىئەت دۇنياسىدا ئەركىن ئۆزۈپ يۈرۈشكە ئادەتلى-
نىپ قالغان موڭغۇللار شەھەر تۇرمۇشىغا ئادەتلەنمىگەن.
چىغاتايخان ئۆزى مۇھىم شەھەر سەمەرقەنت ۋە بۇخارالاردا
تۇرماستىن، بەلكى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىغا جاي-
لاشقان غۇلجا شەھرىنىڭ يېنىدىكى بىر سۇلۇق يايلاقتا تۇر-

غان. چىغاتايخان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر يەنىلا چىدىر تۇرمۇشنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان تۇرمۇشنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى قۇبلايخاننىڭ ئوردۇبالىق (ھازىرقى بېيجىڭ)نى پايتەخت قىلىپ، ھەشەمەتلىك ساراي تۇرمۇشى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۇنىڭ شىمالدىكى ئۇرۇقداشلىرىنىڭ "موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى ئۇنۇتتى" دەپ ئېيىپلىشىغا ئۇچرىغاچقا، قۇبلايخان ئوردۇبالىقتا ئالاھىدە چىدىر تىكىپ ھوزۇرلۇق زىياپەتلەر بىلەن خاتىرجەم ياشىغان. دېمەك، موڭغۇللار دەسلەپتە تۈرك مىللىتىنىڭ تۇراقلىق قەبىلىلىرىدىن ئايرىلىپ ياشىغاچقا، تۈرك مىللىتى ئەسلىدىكى مەدەنىيەت ۋە ئېرق جەھەتلەردە چوڭ تەسىرگە ئۇچرىمىغان. ئەمما بۇ، پەقەت دەسلەپكى چاغدىكىلا ۋاقىتلىق ھادىسە ئەمەس. كۆپ سانلىق موڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ تازا قۇدرەت تاپقان چاغلىرىدىمۇ ئومۇمەن شۇنداق ھالەتنى ساقلاپ قالغان. چىدىر ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئوردۇ، ئاۋۇل قاتارلىق سۆزلەر كېيىنكى كۈنلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا موڭغۇللىرىنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان ھۆججەتلەردە داۋاملىق ساقلىنىپ قالغان ئەمما ئومۇملاشمىغان. ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئالدى بىلەن موڭغۇللار ئارىسىدىكى يۇقۇرى قاتلام كىشىلەرنىڭ پەيدىن-پەي شەھەر تۇرمۇشىغا كۆچۈشى، شۇنىڭدەك ئېھتىياج يۈزىسىدىن شەھەر تۇرمۇشىغا كۆچكەنلەرنىڭ تەدرىجى كۆپىيىشى ئېرق ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە تەسىر پەيدا قىلغان. ئەمما بۇ جەھەتتە موڭغۇللار تۈركلەرگە تەسىر كۆرسەتتى دېگەندىن كۆرە، تۈركلەر موڭغۇللارغا تېخىمۇ زور تەسىر كۆرسەتتى دېگەن ياخشىراق. يەنى بۇ موڭغۇللار تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە



ئەگىشىپ، ئالدى بىلەن تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا تۈركچىنى ئۆگەندى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلدى ياكى تۈرك قىزلىرىغا ئۆيلىنىپ شالغۇت پەرزەنت كۆردى. بۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاخىردا موڭغۇل مىللىتىنىڭ قۇرۇق نامىلا قالدى. ئەمما بۇنداق ئەھۋال بىردەمدىلا مەيدانغا كەلمەستىن، بەلكى خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىنلا مەيدانغا كەلدى.

قىسقىسى، ئىسلام دىنى ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى تۈركلەر ئارىسىدا تارقالغان، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسمىغا ئومۇملاشقان ھەمدە بۇ مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا ناھايىتى زور رول ئوينىغان. بۇ دىننىڭ تەسىرى ئۆتمۈشتىكى بۇددا ۋە مانى دىنلىرىنىڭ بىر قىسىم غەربىي تۈركلەر ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىدىن ئېشىپ چۈشسە چۈشىدۇكى، قېلىشمايدۇ. بۇ نۇقتىنى كۆرمىگەندە، تۈرك مىللىتىنىڭ كېيىنكى مەدەنىيىتىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

## توققۇزىنچى باپ

# تېمۇرىيلەر سۇلالىسى ۋە تۈرك مەدەنىيىتى

چىغاتايخان ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى 120 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئوتتۇرا ئاسىيادا ئومۇمەن ھوقۇق تالىشىش

دەۋرى بولدى. بۇ دەۋردە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن 30 نەچچە ئادەم ئۆزئارا قىرغىنچىلىق ۋە ئاسىلىق قىلىش ماللىمانچىلىقىدا تەختكە چىقتى. 1321 - يىلىنىڭ ئوپچۇرىسىدە، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان چىغاتاي خاندانلىقىنىڭ زېمىنى ۋە 1310 - يىلى ھالاك بولغان ئوگۇتاي خاندانلىقى زېمىنىنىڭ كوپ قىسمى بىرلىكتە بىرلا خاننىڭ ھوكۇمرانلىقى ئاستىغا ئوتتى. كېيىنچە غەربىي قىسمى — ئىسلام تارىخچىلىرى قەيت قىلغان ماۋرا ئۇننەھر يەنى ترانسوكسيانا (Transo xiana) غا، شەرقىي قىسمى موغۇلىستان يەنى جاتاغا بولۇنۇپ، ئۆز ئالدىغا خان تىكلەشتى. چىغاتاي خانلىقىنىڭ ماۋرا ئۇننەھردىن باشقا زېمىنى تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، موغۇلىستان ياكى جاتا دەپ ئاتىلاتتى. بۇنداق كوپ قېتىملىق تەخت تالىشىش كۇرىشى يەنى ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرغان ئىچكى تەپرىقىلەر داۋامىدا، ئاھالىنىڭ كوپ قىسمىنى ئىگەللىگۈچى تۈركلەر ھە دېسىلا خىلمۇ خىل كۈرەشلەرگە قاتنىشىشقا مەجبۇر قىلىندى، ۋاھالەنكى، ئۇلار جاپا - مۇشەققەتتە بەرپا قىلغان ئاۋات شەھەرلەر ياۋچىلار تەرىپىدىن بۇلاپ - تالاندى ۋە ۋەيران قىلىندى. بولۇپمۇ چىغاتاي خانلىقى بولۇنۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ يەنى ماۋرا ئۇننەھرنىڭ ئەھۋالى تولىمۇ پاجىئەلىك بولدى. تەخمىنەن 50 يىل ئىچىدە 15 ئادەم ئارقا - ئارقىدىن خان بولدى. بۇ خانلارنىڭ بەزىلىرى ئاللىقاچان ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولغانلار ئىدى، مەسىلەن، بولگۇنچىلىكتىن ئىلگىرىكى 1308 - يىلى تەختكە چىققان ھەمدە دىن تارقىتىشنى ئۆز ۋەزىپەم دەپ قارىغان تەلىك



(Talik) خان، شۇنداقلا موڭغۇل مىللىتى مۇقەددەس ھېساپلايدىغان چىڭگىزخاننىڭ تەۋرۇك قانۇنىغا سەل قارىغانلىقى ۋە مۇقەددەس دەستۇر «قۇرئان» غا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئەيىپلەنگەن تارماشىرىن (Tarmashirin، تەخمىنەن 1321—1334 - يىللىرىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق ئادەملەر ئىدى. ئەمما بۇ ئايرىم ھوكۇمرانلارنىڭ ئىمان ئېتىشى يۇقۇرقى ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىشكە ھېچقانداق تەسىر كورسىتەلمىدى. موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگەللىگەندىن كېيىنكى بۇنداق ۋەزىيەت تۈرك مەدىنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئاستىلىتىپ قويدى.

بولگۇنچىلىكتىن كېيىن ماۋرا ئۇننەھردە 50 يىل ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان ماللىمانچىلىق ئاتاقلىق تېمۇرنىڭ باش كوتىرىشى بىلەن ئاياقلاشتى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، تېمورنىڭ تەسىر دائىرىسى چىغاتاي خانلىقىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرگەن دەۋرىدىكىدىنمۇ كېڭىيىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا مىسلى كورۇلمىگەن پارلاق دەۋر ئاچتى. ئوتكەنكى 100 يىلدىن كوپرەك ۋاقىت ئىچىدە بىخ ئۇرالمىغان مەدىنىيەتتىن خۇددى باھاردىكى گۈل - چېچەنلەرگە ئوخشاش دەرھال يارقىن تۈرك گۈللىرى ئېچىلىشقا باشلىدى. دەسلىۋىدە ئالتاي جىلغىلىرىدا يىلتىز تارتقان بۇ گۈللەرنىڭ تۇنجى قېتىم پورەكلەپ ئېچىلىشى ھەقىقەتەنمۇ "ئاقساق" تېمورنىڭ شەپقىتىدىن بولدى.

تېمور نەسەبىدىكىلەر موڭغۇللارنىڭ بېرلاس (Berlas) جەمەتىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، قاچاندىن باشلانغانلىقى نامەلۇم. ئەمما ئەڭ كېچىككەندىمۇ ھايات ۋاقتىدا سەمەرقەنتنىڭ جەنۇبىدىكى شەھرىسەبزنى تەسەررۇپ قىلغان.

تىمۇر مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلۇپ، بۇ يەردىكى موڭغۇل قاسىرغىنى ئاللاقاچان تاشلىۋەتكەن تۈرك مەدەنىيىتىدە تەربىيىلەنگەن. ھەممە باتۇرلارنىڭ بېشىغا قىسمەتلەر كېلىپ تۇرغاندەك، ئۇنىڭ يولىمۇ ھەرگىز تۈپ - تۈز بولمىغان. ئەمما ئۇ بۇ مۇشكۇللەرنى يېڭىپ، 1370 - يىلى ماۋرائۇننەھرنى ئىشغال قىلغان، ئۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى سەمەرقەنت چىغاتاي خانلىقىنىڭ مەشھۇر شەھرى بولغاچقا، تىمۇرمۇ مۇشۇ شەھەرنى پايتەخت قىلغان ۋە ئۇزى ئارزۇلايدىغان بۇ شەھەرنى باشقۇرۇشقا ئۇمۇر بويى تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ئۇسۇپ يېتىلگەن تىمۇر ئوقۇش ۋە يېزىش جەھەتلەردە تۈركچە، موڭغۇلچىدىن تاشقىرى، پارسچىنىمۇ بىلەتتى، جەڭنامە ۋە تەرجىمىھال تۈرىدىكى كىتاپلارنى ئوقۇشقا قىزىقىپلا قالماستىن، ھېكىم - ھۆكۈمالارنىڭ، ئىلمىي نوجۇمچىلارنىڭ ۋە قانۇنچىلارنىڭ مۇھاكىمىلىرىنى ئاڭلاشقىمۇ خۇشتار ئىدى①. ئۇ ئەلۋەتتە ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى، ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭ دۇئاسى بىلەن غالىبىيەتكە يول ئېچىش ئۇنىڭ ئەڭ قايناق ئارزۇسى ئىدى. مۇشۇنداق تەربىيە ھەم ئېتىقاتقا ئىگە تىمۇر ئۆزىنىڭ تۇغما باتۇرلۇقى ۋە زېرەكلىكلىكى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى ئۇلۇغ ئىشنى ئورۇنلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەلۋەتتە مەدەنىيەت ھەركىتىگىمۇ يول ئاچتى. ئۇ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تېخنىك، ھۈنەرۋەنلەرنى توپلاپ سەمەرقەنتكە خان سارىيى، مىچىت ۋە مەدرىسلەرنى سالدۇردى،

① skrine and Ross, The Heart of Asia («ئاسىيانىڭ يۈرىكى»). 1899, p 172, Note.



قانال چاپتۇردى، شۇ ئارقىلىق بۇ شەھەرنىڭ ۋەيرانچىلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەرنى ھەيران قالدۇردى. خىلمۇ خىل مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، دىنىي جەھەتتىكى يېڭى ئىمامەتچىلىكلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تۈرك ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەۋج ئېلىشى مۇشۇ دەۋردىن باشلاندى.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغاندەك، 11 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرى «قۇتاتقۇ بىلىك» تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئېچىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن 300 يىلغىچە جىمجىتلىق ھوكۈم سۈرگەن ئىدى، ئەمەلىيەتتە تىمۇر يەنە بىر مۇقەددىمە ئاچتى. «تىمۇرنىڭ تەرجىمىھالى» (Tuzaki - Timuri) ۋە ئۇنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى ياكى نەۋرىسىگە يېزىپ قالدۇرغان تەرجىمىھالى دەپ قارىلىدىغان تۈزۈكاتى تىمۇرى (Tuzukati - Timuri) قاتارلىقلار چىغاتاي تۈركچىسى يەنى چىغاتاي سۇلالىسى تەۋەلىكىدىكى تۈرك تىلى بىلەن يېزىلغان ئىدى. 1424 - يىلى شەرەفىددىن ئەلى يەزدى تىمۇرنىڭ نەۋرىسى ئىبراھىم سۇلتاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن پارسچە يېزىپ چىققان تىمۇرنىڭ تەرجىمىھالى «زەپەرنامە» دەل ئىلگىرىكى «تىمۇرنىڭ تەرجىمىھالى» ئاساسىدا يېزىلغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن تىمۇر دەۋرىدە ئەزەلدىن كىتابى تىل ئورنىدا قوللىنىلىۋاتقان ئەرەپ، پارس تىللىرىدىن تاشقىرى، تۈرك تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن ئىدى. بۇ ئىجادىيەتلەر مىللەت روھىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى سۈپىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلدى. تىمۇرنىڭ ئۆزى موڭغۇل نەسەبىدىن بولسىمۇ،

ئەمما خۇددى يۇقۇرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئۇ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئاللىقاچان تۈركلىشىپ كەتكەن ۋە تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچىغىدا ئۇسكەن بولغاچقا تۈرك مەدەنىيىتىنى ئۆز مەدەنىيىتىمىز دەپ قارايتتى. بىرگە مەلۇمكى، تېمور ئۆزلىرىنىڭ بوزرۇكۋاسى چىڭگىزخاننىڭ ئۇلۇقۋار ئىشلىرىغا ھېرىس قىلىپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئۇلۇقۋار ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئۆز ۋەزىپىسى قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى تاسادىپى ئەھۋال ئەمەس ئىدى. ئۇ جايلارغا يۈرۈش قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئورۇنلىغاندىن كېيىن ئۇزاقتىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان پارسچە ئەسەر يېزىش ئادىتىنى قەتئى بىكار قىلىپ (بۇ تىلنى ئۆزى بىلسىمۇ)، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈرك ئەدەبىياتىنى تەشەببۇس قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللى ئاڭ-سېزىمىنىڭ ۋە مەدەنىيەت ئېڭىنىڭ جارى قىلدۇرلۇشى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ. تېمورنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە فاكچىنى تۆپەيلى، تېمور خاندانلىقى دەۋرى چىغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ-ياشنىغان دەۋرى بولدى. مەسىلەن، تېمورنىڭ ھىراتنى ئىشغال قىلغان ۋە تېمور ۋاپاتىدىن كېيىن پارتلىغان ئىچكى توپىلاڭنى تىنجىتىپ، پۈتكۈل زېمىن تەۋەلىگە ھوكۇمرانلىق قىلغان ئامراق ئوغلى شاھرۇخ (Shah-Rukh) پارسچىدىن باشقا يەنە تۈركچە نەزمىگە ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ ئاشىق-بىقارار خانىشىغا يازغان لىرىك نەزمىسى ھازىرمۇ ھىراتلىقلارنىڭ چوچەكلىرىدە ساقلانماقتا. يەنە ئۇنىڭ نەۋرىلىرىدىن ئەخمەت مىرزا بىلەن ئىسكەندەرلەرنىڭ زامانىمىزدىكىلەر ھىلىمۇ ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان شېئىرى-



دىۋانلىرى بار. يەنە مەسىلەن، شاھروخنىڭ ئوغلى بايسانگۇر (Baisanghur) خەتتات، رەسسام ۋە موزىكانت بولۇپلا قالماي، شېئىرىيەتتىمۇ داڭ چىقارغان ئىدى، بۇ جەھەتتە ئالاھىدە مەشھۇرى بابۇر بولۇپ، ئۇنىڭ تەرجىمىھالى «بابۇر نامە» ھەقىقەتەنمۇ چىغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئۆلگىسىدۇر. بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتكەنلىرىمىز تېمور جەمەتىدىن چىققان داڭلىق يازغۇچىلاردىنلا ئىبارەت، خالاس. بۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ئالىملار، مەشھۇر ئەرباپلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بار ئىدى. دېمەك، چىغاتاي تۈرك ئەدەبىياتى تېمور دەۋرىدە گۈللەنگەن ھەمدە ئومۇمەن پۈتكۈل تېمورىلەر سۇلالىسى دەۋرىدە ئۈزلۈكسىز تەرەتقى قىلغان ئىدى.

تېمورىيلەر سۇلالىسى دەۋرىدە، تۈرك ئەدەبىياتىلا تەرەققى قىلىپ قالماستىن، ئەمەلىيەتتە سەمەرقەنت ۋە بۇخارادىن تارتىپ تاكى ئەينى ۋاقىتتىكى نۇرغۇن جايلارغىچە مۇسۇلمان ئالىملار ۋە ئەدىپلەر ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كەلگەن ئىدى، ئۇلار ئاساسەن ئەرەپ تىلى بىلەن ئەسەر يېزىپ، كېيىنكى ئىسلامىيەت ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ ياشناش دەۋرىنى ئاچتى. بۇلار مەزكۇر تۈرك سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا قوشقان تۆھپىسى دەپ قارىلىشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ يېڭىۋاشتىن گۈللىنىشىدە ۋە مىللى ئاڭ-سېزىمىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىدا بۇ سۇلالە تېخىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەدەبىياتنىڭ گۈللەپ ياشنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن بۇ سۇلالە نەپىس سەنئەت ھۈنەرۋەنچىلىكى جەھەتتىكى ئىجادىيەتلەرگىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسەت-

نى. پايتەخت سەمەرقەنت ۋە بۇخارا، ھىرات قاتارلىق نۇرغۇن شەھەرلەر ئەينى زاماندا ئۇزلىرىنىڭ گۈللەنگەن بېزەكلىرى بىلەن ئىچكى-تاشقى زاتلارنى جەلپ قىلغان ئىدى. بۇلاردىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. "چىڭگىزخان بۇزغان، تېمۇرتۈزگەن" دېگەن سوز مۇۋاپىق باھا دەپ قارىلىشى كېرەك.

بۇ يەردە يەنە شاھرۇھنىڭ چوڭ ئوغلى ئۇلۇغبېگنىڭ توھپىسىنى تىلغا ئېلىپ ئوتۇش كېرەك. سەمەرقەنتنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماياكىغا ئايلاندۇرۇش توھپىسى ئۇنىڭ پائالىيىتىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. ئۇلۇغبېك بۇ يەرنى دادىسىغا ۋاكالىتەن 40 يىل ئىدارە قىلغان ئىدى. سەمەرقەنتكە يېڭىدىن سېلىنغان شۇنچە كوپ ئوردا-سارايلار، خانىقا-مېچىتلەر، كاشانىلەر، مەكتەپ-مەدرىسلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ كوركەم، ھەشەمەتلىكلىگىنى كورۇپ بابۇر ھەيران قالغان ئىدى. ئۇلۇغبېكنىڭ ھوكۇمرانلىغىدا تۇرك، ئەرەپ ۋە پارس ئەدەبىياتى ئىنتايىن گۈللەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئىلمى نوجۇم جەھەتتىكى توھپىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ ئۇزى مۇنەۋۋەر ئىلمى نوجۇم ئالىمى ۋە ماتېماتىك بولۇپ، ئاسمان جىسىملىرىنى كۇزىتىشكە خۇشتار ئىدى. 1428-يىلىدىن باشلاپ ئۇ كويۇك تاققا مەشھۇر رەسەتخانا سالدۇرۇپ تەرەپ-تەرەپلەردىكى ئالىملارنى مۇشۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتقا جەلپ قىلدى. نەتىجىدە 1443-يىلى مەشھۇر ئۇلۇغبېك ئىلمى نوجۇم جەدۋىلىنى پۇتتۇردى. بۇ جەدۋەل مۇسۇلمانلار تۇزگەن مۇشۇ تىپتىكى ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ توغرىسىدۇر①. قىسقىسى، ئۇلۇغبېك

① C.Markham, Embassy tothe Court of Timour P, L III, note 3 («ئەمىر تېمۇر ئوردىسىغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»)



دەۋرى پۇتكۇل تېمۇرىلەر سۇلالىسىدىكى مەدەنىيەت ھەركىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولغان ئىدى. بۇ چاغدا ماۋرا ئۇننەھر خەلقى سەمەرقەنتنى مەركەز قىلغان ھالدا پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان ئىدى.

بۇ يەردە ئەمدى شۇ دەۋردىكى سودا قاتناش ئەھۋالى ھەققىدە توختىلىپ ئوتەيلى. سوغدىلاردىن كېيىن سەمەرقەنت ئەتراپىدا ياشىغان سارتلار (ئون بىرىنچى باپقا قاراڭ) سودىگەرلىكتە ماھىر ئىدى، خىلمۇ خىل ناچار شارائىتلاردىمۇ شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى جايلاردا سودىگەرلىك قىلىۋېرەتتى. تېمۇرىلەر تەسىر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ۋە قاتناش بىخەتەرلىك شارائىتلىرىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ سودىگەرچىلىگى تېخىمۇ تەرەققى قىلدى. تېمۇر شەرقتە موڭغۇللار سۇلالىسىنىڭ ئورنىغا باش كوتەرگەن مىڭ سۇلالىسىغا خۇڭۋۇ 20-يىلىلا (1387-يىلى) دوستانە شەكىل بىلەن ھوكۇمەت نامىدىن ئەلچىلىك قىلىدىغان سودا كارۋانلىرىنى ئەۋەتكەن ئىدى، خۇڭۋۇ 28-يىلىغا كەلگەندە ھەر يىلى دېگىدەك ئۇزمەي ئەۋەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، خۇسۇسىلارنىڭ سودا كارۋانلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى، مەسىلەن خۇڭۋۇ 21-يىلى مىڭ سۇلالىسىنىڭ گېنىرالى لەن يۇينىڭ شەرققە يۇرۇش قىلىپ بۇيۇرنور (Buyur nor)غا بارغاندا، سودىگەرلىك قىلىپ ئۇ يەرگە بېرىپ قالغان سەمەرقەنتلىك سودىگەرلەردىن بىر قانچە يۇز كىشىنى تۇتۇۋېلىپ ئوز دولىتىگە قايتۇرۇۋەتكەنلىگى① بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. تېمۇرنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىگە جاۋابەن

① «مىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى. بەشبالىق خاتىرىلىرى»

مىڭ خاندانلىقىمۇ ھوكۇمەت نامىدىن تەكلىپ ئەلچىسى ئەۋەتكەن. ھوكۇمەت ئەلچىلىرى ۋە تەكلىپ ئەلچىلىرى بىر-بىرى بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىشقان دەۋرلەردىمۇ جۇڭگو سودىگەرلىرى سارتلارنىڭ شەرققە كېلىشىگە مۇناسىپ ھالدا سەمەرقەنتكە ئۆزلىرى بېرىپ سودىگەرلىك قىلىپ تۇرغان. مەسىلەن، غەربىي يۇرت بىلەن ئالاقىلىشىش ئازراق بولغان سوڭ دەۋرىدىمۇ، سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى «جۇڭگو (sin) دەرۋازىسى» دەپ ئاتالغان. ھەر يىلى باھار پەسلىدە جۇڭگولۇق سودىگەرلەر ماللىرىنى تۆگىلەرگە ئارتىشىپ مۇشۇ دەرۋازىدىن سەمەرقەنتكە ئۇزۇلمەي كىرىپ تۇرغان. بۇ ھەقتە يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان 1069-يىلى يېزىلغان «قۇتادغۇ بىلىگ»تە ئېنىق خاتىرە بار. بۇنداق ئەھۋال تېمۇر دەۋرىگە بارغاندا تېخىمۇ راۋاجلانغان. ئەمما 1396-يىلى (خۇڭۋۇ 29-يىلى)دىن تارتىپ 1405-يىلى (يۇڭلې 3-يىلى) تېمۇر ۋاپات بولغانغا قەدەر، تېمۇر مىڭ سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىشنى توختاتقان. بۇ ئارىلىقتا تېمۇر غەرپكە جازا يۈرۈشى قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقى ۋە مىڭ سۇلالىسىغا يۈرۈش قىلىشنى پىلانلاۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئەسلىدىكى دوستانە مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالغان. تېمۇر ۋاپات بولۇپ ياندۇرقى يىلى يەنى يۇڭلې 5-يىلى (1407-يىلى)ئۇنىڭ سەمەرقەنتكە ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان نەۋرىسى خەلىل چوڭ دادىسى قاماپ قويغان مىڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، 10 نەچچە يىلدىن بويان ئۈزۈلۈپ قالغان مىڭ سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىش مۇناسىۋىتىنى يەنە باشلىغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى پۈتكۈل ئۇلۇغبېك دەۋرىدە، بۇ مۇناسىۋەت سەمەرقەنت



بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىلا ساقلىنىپ قالماستىن، بەلكى مىڭ سۇلالىسى بىلەن خەلىلنىڭ ئاتىسى شاھروھ ئۆلكىدىكى ھىرات ۋە تېمۇرىلەر سۇلالىسىنىڭ خانلىرى ھوكۇمرانلىقىدىكى باشقا مۇھىم جايلار ئوتتۇرىسىدىمۇ ساقلانغان. مىڭ سۇلالىسىدىن سىرت، يەنە باشقا دولەتلەرنىڭ ئەلچىلىرى ۋە تۇۋارلىرىمۇ شۇ چاغدىكى سەمەرقەنتكە توپلىناتتى. بۇنى 1404-يىلى ئىسپانىيەنىڭ كاستىر (Kastir) خانى ھېندى Ⅲ تەرىپىدىن ئۇ يەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچى كلاۋىيو (clvijo)نىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ساياھەت خاتىرىسىنىڭ بىر پاراگىراپىدا "ھەر يىلى جۇڭگو (cathay)، ھىندىستان، تاتارىستان قاتارلىق جايلاردىن بۇ شەھەرگە كېلىپ تۇرىدىغان تۇۋارلار ئىنتايىن كوپ ئىكەن، ئىلگىرى بازار رەتسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، پادىشا (تېمۇر) پەرمان چۈشۈرۈپ سودا دۇكانلىرى بار كوچىلارنى ياسىتىپتۇ، بۇ كوچىلار شەھەرنىڭ بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگە تۇتىشىدىغان، ئۇستى گۈمبەزسىمان يېپىلغان، ئاپتاپ چۈشمەيدىغان ناھايىتى كەڭ رەستىلەر بولۇپ، يان تاملىرىدا مەلۇم ئارىلىقتا بىردىن دەرىزىسى بار ئىكەن."① دېيىلگەن. كلاۋىيو سەمەرقەنتتە 800 تۆگىگە تۇۋار ئارتىۋالغان (بۇ تۇۋارلار ئاساسلىقى دارايى، دۇردۇن، ئىپار، ياقۇت، بىرىلىيانت، مارجان، رەۋەن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت) مىڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى ئۇچراتقان بولۇپ، ئۇلار شۇ يىلى ئىيۇندا سەمەرقەنتكە يېتىپ بارغان.② بۇنىڭدىن باشقا، تېمۇر ئارمىيىسىدە خىزمەت قىلىدىغان باۋارىيەلىك جون سىرتىبېرگېر

① C. مەركام يۇقۇرقى كىتاب 165-بەت.
② يۇقۇرقى كىتاب 173-بەت.

(Jhon Schirtberger)①مۇ ئۆز خاتىرىسىدە ئوخشاشلا مۇشۇ
ئەلچىلەرگە ئۇچراپ قالغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ 400 ئېتى بارلى-
قىنى قەيت قىلغان. بۇ ئىككىيلەننىڭ سۆزى بىردەك بول-
مىسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدىن بىر سوداكارۋىنىنىڭ بىر قېتىمدا
توشۇيدىغان تاۋارلىرىنىڭ ئاز ئەمەسلىكى مەلۇم بولىدۇ.
تېمۇرىلەر سۇلالىسى دەۋرىدە، خاندانلىقنىڭ تەسىر كۈچى
ۋە سارتلارنىڭ ئەنئەنىۋى سودا ئالاقىسى تۈپەيلىدىن
سەمەرقەنت، جاي-جايلارنىڭ تاۋارلىرى يىغىلىدىغان بازارغا
ئايلىنىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە باياشات بولۇپ
كەتكەن.

ئەمما بۇ ئەھۋال 1448-يىلى شاھرۇھنىڭ ۋاپاتى
بىلەن بىراقلا ئۆزگىرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا قايتىدىن ئىچكى
تەپرىقە ۋە تاشقى ئاپەتلەرگە ئۇچرىغان. شۇنىڭدىن كېيىن
تېمۇرىيىلەر بۇ يەرگە يېرىم ئەسىر ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بۇ
ئارىلىقتا گايىدا بۇرۇنقى كونا ھالەت ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن
بولسىمۇ خاندانلىقنىڭ چۈشكۈنلىشىشىگە ۋە بىرلىككە كېلەل-
مەسلىكىگە ئەگىشىپ، مەدەنىيەتمۇ دەپسەندە قىلىنغان. ئو-
مۇمەن، تېمۇرىلەر سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى ئەڭ ئاساسى جايلار كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ
بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلىنىپ قالغان، بۇ سۇلالىنىڭ تەرتىپلىك
جەمئىيەت قۇرۇش ۋە تۈرك مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش
ۋەزىپىسى ئورۇنلانغان.

① يۇي ئېر ۋە كاۋجىيې «قىتانغا سەپەرخاتىرىسى»، يېڭى نەشرى، 1-
كىتاب، 174-بەت، ئىزاھات.



ئونىنچى باپ

# ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئومۇمى ئەھۋال

بىز بىرىنچى قىسىمنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا مىلادى 1500-
يىلى ئارال دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ جەنۇپقا
يۈرۈش قىلىپ سەمەرقەنتكە كىرىپ، شەيبانىلار سۇلالىسىنى
قۇرغانلىقىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ چاغ-
دا ئۇلۇغبېك دەۋرىدىكى سەمەرقەنت ۋەيرانچىلىق ھالاكىتىگە
ئۇچراپ، خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. بۇنى بابۇر-
نىڭ بۇ ئىشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ يازغان «بابۇر-
نىڭ تەرجىمىھالى» دىگەن ئەسىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
باستۇرۇپ كىرگەن ئۆزبېكلەر ئۇزاق ئۆتمەيلا خۇارەزىم ۋە
خىۋەلەردە ئۆز ئالدىغا خانلىق قۇرغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ
تەسىر دائىرىسى ئىلگىرىكى سۇلالىلەرنىڭكىگە زادىلا يېتىشەل-
مىدى. تەرەپ-تەرەپلەردىكى يايلاقلاردا ياشايدىغان كۆچمەن
چارۋىچىلار ئۇلارنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولمىدى ھەمدە
توراقلىق ئاھالىلەرگە ئۈزلۈكسىز، ئۈشتۈمتۇت ھۇجۇم قىلىپ
تۇردى.ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا جايلارنى ئۆز ئالدىغا
بولۇشۇۋالغان، راۋاج تاپمىغان مۇسۇلمان پادىشالارنىڭ تە-
سىر دائىرىسى تالىشىش سەھنىسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ
بىلەن، بۇ رايوننىڭ ھەممىلا يېرىدە توختاپ قېلىپ ئالغا
باسماسلىق ھالىتى شەكىللىنىپ، يات مىللەتلەرنىڭ ئىلغار

مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش پۇرسىتى قولدىن كېتىپ قالدى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەزگىلدىكى دۇنيا ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرى-
شىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەككە - يىگانە ھالىتىنى كۈچەيتى-
ۋەتتى.

شەيبانىخان جەمەتىنىڭ ماۋەرا ئۇننەھرگە كىرىپ - چىقىپ
تۇرغان ۋاقتى دەل ياۋروپانىڭ شەرققە بارىدىغان دېڭىز
يولىنى تېپىپ، پورتۇگالىيىنىڭ باشچىلىقىدا دېڭىز يولى
ئارقىلىق شەرق بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىۋاتقان مەزگىلى
ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆزىنىڭ شەرق
بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تارىخىدىكى ئىلگىرىكى
ئەھمىيىتىنى يوقاتتى. ئەگەر بۇ يەردە موغۇل دەۋرىدىكىگە
ئوخشاش، قاتناش ۋە قاتناش ئەسلىھەلىرىنى تەرتىپكە سې-
لىش ئارقىلىق سەپەر قىيىنچىلىقلىرى ئازايتىلغان بولسا
ئىدى، شەرققە بارىدىغان دېڭىز يولىنىڭ تېپىلىشى يا كېچى-
كەتتى، يا تېپىلغان تەقدىردىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرق
بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تارىخىدا ئوينايدىغان
رولى دەرھاللا يوقىلىپ كەتمىگەن بولاتتى. ئەمما بەختكە
قارشى دەل مۇشۇ چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيا بىرلىكنى يوقىتىپ،
ئەنسىزلىك ۋە مالىمانچىلىق ھالىتىگە چۈشۈپ قالغاچقا، قى-
يىنچىلىقلارغا قارىماي ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت بۇ يولنى
تاللايدىغان ئادەم چىقمىدى.

مەلۇم بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى
ياكى چۈشكۈنلىشىشى كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ يات مىللەتلەر
بىلەن ئۇچراشقان - ئۇچراشمىغانلىقىغا باغلىق. بۇ ئومۇمى
پىرىنسىپ بولۇپ قالدى. تېمۇرىيلەر سۇلالىسى بىرلىككە كەل-
گەن كۈچىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقاندا، ئەتراپىدىكى مەدەنىيىتى



تەرەققىي قىلغان خوشنا مىللەتلەر بىلەن قويۇق ئۇچراشقان
ئىدى، ئايرىمىچىلىق ھالىتىگە چۈشۈپ قالغاندا بولسا، ئوتتۇ-
را ئاسىيا مەدەنىيىتى بارا - بارا چۈشكۈنلىشىپ كەتتى.
ھالبۇكى، بۇ مەزگىلدە ئايرىمىچىلىق ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان
ياۋروپا مەدەنىيىتى ئۇنىڭ ئەكسىچە كورۇنەرلىك تەرەققىي
قىلدى. ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللىنىشتىن كېيىنكى 17 - 18-
ئەسىرلەردە، ياۋروپادا ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت ئۇچقاندەك
ئىلگىرىلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى 18 - 19 - ئەسىرلەردە سا-
نائەت ئىنقىلاۋى ۋە ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتى تۈپەيلىدىن
ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ قىياپىتى پۈتۈنلەي يېڭىلاندى. ۋاھا-
لەنكى، بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا ياۋروپا بىلەن ئۇچ-
رىشىشنى ئۈزۈپ قويغان ئوتتۇرا ئاسىيا بولسا بۇ يېڭىلىق-
لاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ھالدا بۇرۇنقى ھالىتىدە تۇ-
رۇۋېرىپ، يېقىنقى زامان مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىن بەكمۇ
يىراقلاپ كەتتى.

مۇشۇ مەزگىللەردە رۇسىيە ۋە جۇڭگو بىلەن
تۇتىشىپ تۇرىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى بۇ دولەتلەر
بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئالاقە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما تېگى-
تەكتىدىن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت جەھەتتە ئانچە چوڭ تە-
سىرگە ئۇچرىمىدى. بۇ دولەتلەرمۇ خىلمۇ خىل ئىشلار تۈ-
پەيلىدىن ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى بۇ يەرلەرگىچە
كېڭەيتەلمىدى. شۇڭا ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىنكى مىڭ دەۋ-
رىنىڭ خاتىرىلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا
پەقەت ئىنتايىن تۇتۇق بەزى پۈتۈكلەردىن باشقا ھېچنېمە
قالدۇرۇلمىغان. ئۇ چاغدىكى رۇسىيىدە بۇنىڭغا ئالاقىدار
مەلۇماتلار تېخىمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. مەسىلەن، 17 -

ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان رېمېزوۋ (Remezov) ئارال
دېڭىزىنى تۇنجى قېتىم خەرىتىگە كىرگۈزگەن. شەرقتە چىڭ
سۇلالىسى جۇڭغارىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش يۈزىسىدىن ئۆزىنىڭ
تەسىر دائىرىسىنى مۇشۇ يەرگە كېڭەيتكەن. غەرپتىكى رۇسلار
سىبىرىيىسىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن جەنۇپقا يۈرۈش
قىلىپ تا 19 - ئەسىرگە كەلگەندە، بولۇپمۇ 19 - ئەسىرنىڭ
كېيىنكى يېرىمىدا خوجەند، بۇخارا ۋە خىۋە خاندانلىقلىرىنى
بېقىندۇرغانغا قەدەر، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى يۇقۇرقىدەك
ئايرىمچىلىق ۋەزىيىتىدە تۇرغان. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ ئىچكى
قىسمىغا ئىسلامىيەت ئېتىقادى تېخىمۇ سىڭدى، مەيلى شەھەر
بولسۇن ياكى يايلاق بولسۇن ھەممىلا يەر ئىسلامىيەت تۇ-
سىنى ئېلىپ، سىياسى، ئىجتىمائى ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەر-
دە ئۇ يەرلەر تەسىر كۈچى بار ئىسلامىيەت زاتلىرى
تەرىپىدىن تىزگىنلەندى. روسلار بىلەن يۇقۇرقى ئۈچ خان-
دانلىق ئوتتۇرىسىدىكى بۇلاڭ - تالاڭ ۋە جېدەل - ماجرالار
چىڭ سۇلالىسى بىلەن شەرقىي ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى
پاراكەندىچىلىكلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئىسلام خاندانلىرى-
نىڭ غەرەزلىرىدىن كېلىپ چىقتى. بۇنداق بىر ئىزىدا توخ-
تاپ قالغان، گويا زۇلمەتكە ئوخشايدىغان دەۋر تۈگەپ،
يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرى يېتىپ كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيا
دەۋردىن تولىمۇ ئارقىدا قالدى. ئەڭ ئاخىردا ئۇنىڭ شەر-
قى چىڭ سۇلالىسىغا، غەربى روسىيىگە تەۋە بولۇپ كەت-
كەندىن كېيىنلا، يېقىنقى زامان مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرى-
شىشقا باشلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىلگىرىكى مەدەنىيەت
تارىخىنى ۋە سىياسى تارىخىنى كەلگۈسىدە يەنە بىر پۇر-
سەت تېپىپ كۆزىتىمىز.

# غەربىي يۇرت
# مەدەنىيەت تارىخى


**文化史**　（维吾尔文）

〔日〕羽田亨　著

斯拉木江·西日甫　译

---

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放路306号）

书店发行　新疆新华印刷厂印刷

1092毫米　32开本6.25印张8插页

7月第1版　1986年 1月第1次印刷

印数：1——5,000

---

M11098·140　　　定价：10.50元